# ئىزدىنىش

(تاللانما)

6
1996

# ئىزدىنىش

(تاللانما) 1996-يىل 6-سان

(ئومۇمىي 96-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)


**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1996-يىللىق 7-، 8-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە


**رەھبىري كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرەيلى .................................... خۇ جىنتاۋ(2)**

**ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى .................................... ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى(16)**

**تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن 21-ئەسىرگە ئاتلىنايلى ................ زىيلىڭ پېيىەن(25)**

مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەدەل سۇپىتىدە قۇربان قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ............ **جاڭ شياۋلىن (41)**


**★6-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)


---

www.uyghurkitap.com

# رەھبىري كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرەيلى*

خۇ جىنتاۋ

نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇھىم تەرەققىيات مەزگىلىدە تۇرماقتا. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، 3-ئومۇمىي يىغىندا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ھەققىدە قارار چىقىرىلدى، 4-ئومۇمىي يىغىندا پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەققىدە قارار چىقىرىلدى، 5-ئومۇمىي يىغىندا تەجرىبىلەرنى سىستېمىلىق يەكۈنلەش ۋە ۋەزىيەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، مەملىكىتىمىز خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى بەش يىللىق ۋە 15 يىللىق كۆرەش نىشانى، يېتەكچى فاكجىنى، ئاساسلىق ۋەزىپىسى ۋە مۇھىم سىياسەت-تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مەملىكىتىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلانى سىزىلىپ بېرىلدى، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنياغا 21-ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ قايسى تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىپ بارىدىغانلىقى ئوچۇق جاكارلاندى. ھازىر پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي فاكجىنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتىكى بۇرۇلۇشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى تىرىشىپ ساقلاپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈپ، 9-بەش يىللىق پىلان ۋە ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار

---

* بۇ ماقالە يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ بۇ يىل 3-ئاينىڭ 1-كۈنى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ باھار پەسىللىك ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، ئېلان قىلىنغان چاغدا ئەدەبىي جەھەتتىن ئازراق تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىۋاتىدۇ.

"سىياسىي لۇشيەن بەلگىلەنگەندىن كېيىن، كادىرلار ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ." جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيىدە، كىشىلەردە، ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردا. بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك قاتلىمىمىز ئىتتىپاق، مۇستەھكەم، جەڭگىۋار بولسا، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار سىياسىي جەھەتتە سەگەك ۋە قەتئىي بولسا، ئەخلاق ۋە قابىلىيەت جەھەتتە خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بولسا، پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە رەھبەرلىك قىلالايدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار تارىخىي ئىشىمىز غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە قاراپ ماڭالايدۇ.

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنى ئېغىر رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئۈستىگە ئالالايدىغان، ئالىيجاناپ تارىخىي بۇرچنى تېخىمۇ ياخشى زىممىسىگە ئالالايدىغان قىلىش ئۈچۈن، يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىنىڭ تەلپىگە ماسلىشىپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ساپاسىنى ھەر تەرەپلىمە ئۆستۈرۈش، مۇھىمى ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. يىقىندىن بۇيان يولداش جياڭ زېمىن، رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم سىياسەتنى تەكىتلىشى كېرەك، دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىدى، مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، بۇ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلارنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا باشتىن ئاخىر توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىشنى جىددىي ئاگاھلاندۇرغانلىق ۋە تەلەپ قىلغانلىق. يولداش جياڭ زېمىننىڭ سۆزى پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالقىشىغا ئېرىشتى. ھەممە كىشى، بۇ مەسىلىنى تەكىتلەش تولىمۇ زۆرۈر، بۇ تازا ۋاقتىدا بولدى، دەپ ھېسابلىدى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپىدىلا يولداش دېڭ شياۋپىڭ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەلگەندىن كېيىن، پارتىيىدىكى-لەر قانداق قىلىپ يېڭى شارائىتقا ماسلىشىپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي خىزمەتكە باش چۆكۈرۈپ، ئىدىيىۋى خىزمەتكە سەل قاراش خاھىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مۇھاكىمە قىلىشنى لازىملىقىنى تەكىتلىگەنىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھازىر بىر قىسىم ياشلاردا سىياسەتكە سەل قاراش خاھىشى بار، پۈتۈن پارتىيە بۇ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈشى، چوقۇم سەۋەبىنى تەھلىلى قىلىپ، ئۇسۇل-چارىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئەستايىدىل، ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشى لازىم. 1986-يىلى ئۇ يەنە بىر قېتىم مۇنداق دەپ تەكىتلەپ ئۆتتىكى، ئىسلاھاتنىڭ، زامانىۋى پەن-تېخنىكىنىڭ كۈچى زور بولىدۇ، ئۇنىڭغا

بىز تەكىتلەپ كەلگەن سىياسەت قوشۇلسا، قۇدرىتى تېخىمۇ زورىيىدۇ. سىياسەتنى ھەرقانداق ۋاقىتتا تەكىتلەش كېرەك. 1989-يىلدىكى سىياسىي ۋەقەدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە، كۆپ يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىز كونكرېت ئىشلارغىلا باش چۆكۈرۈپ، سىياسىي ھالەتكە كۆڭۈل بۆلمىدى، ئىدىيىۋى خىزمەتكە ئېتىبار بەرمىدى، چىرىكلىك ھادىسىلىرىگە بولغان ھوشيارلىقى يېتەرلىك بولمىدى؛ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشنى تەكىتلەش ئىنتايىن زۆرۈر، دەپ كۆرسەتتى. بۇ بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىشتا سىياسەت-نى تەكىتلەش كېرەك. بۇ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىكى مۇھىم بىر ئىدىيە، شۇنداقلا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان مۇھىم فاكچېن.

نۆۋەتتە سىياسەتنى تەكىتلەشنى، ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشنى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەم كۈچلۈك رېئال قاراتمىلىققا ئىگە، ھەم چوڭقۇر ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرىنچىدىن، بۇ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ھەر تەرەپلىمە ئىزچىل ئىجرا قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. پارتىيىنىڭ "بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا"دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى-نى يەكۈنلەش، دۆلەت ئەھۋالىنى ۋە ۋەزىيەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن، بىزنى دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشكە يېتەكلەيدىغان توغرا سىياسىي لۇشيەندىن ئىبارەت. بۇ لۇشيەننى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا باشتىن ئاخىر ئېغىشماي چىڭ تۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىزنىڭ ئىقتىساد بىلەن سىياسەت، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇشىمىز ۋە بىر تەرەپ قىلىشىمىزمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. رەھبىرىي كادىر بولغان كىشىنىڭ ئەگەر پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە بولغان تونۇشى مۇجمەل بولسا، چۈشەنچىسى چوڭقۇر بولمىسا، خىزمەتتە بىر تەرەپلىمىلىك قىلسا، ئۇ توغرا يۆنىلىشتىن چەتلەپ كېتىدۇ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي ياخشى ئېلىپ بارالمايلا قالماي، بەلكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىيىتىگە زىيان سالىدۇ. بۇنىڭغا بىز يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىشىمىز ۋە ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش تاشقى ئىشلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، خەلقئارا سىياسىي كۈرەشتە يېڭىلمەس

ئورۇندا تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئېھتىياجى. نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەتتە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىش، ئومۇمەن ئالغاندا، مەملىكىتىمىزدە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. لېكىن، پايدىسىز ئامىللارنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ غەربتىكى بىر قىسىم كىشىلەر ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ بىر يۈرۈش ئىدىيىۋى قارىشى ۋە ئىجتىمائىي سىياسىي ئەندىزىسىنى بىزگە تېڭىپ، مەملىكىتىمىزنى "غەربچىلەشتۈرۈش"، "پارچىلاش" نىيىتىدە بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن، رەھبىرىي كادىرلار بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئىدىيىۋى جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە سەگەكلىك ۋە سەزگۈرلۈكنى ساقلىشى كېرەك. سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشىمىز، تېپىلغۇسىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى ھەم ياخشى، ھەم تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىشىمىز لازىم؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىياسىي سۈيىقەستىگە قارىتا قاتتىق ھوشيار تۇرۇپ، يوللۇق، پايدىلىق، چەكلىك كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، باشتىن ئاخىر تەشەببۇسكار بولۇشىمىز لازىم. ئۈچىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش تۈرلۈك چىرىك ئىدىيىلەر-نىڭ چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇشنىڭ تۈپ تەدبىرى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، يېڭى-كونا تۈزۈملەرنىڭ ئالمىشىشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئەخلاق جەھەتلەردىكى تۈرلۈك كۆزقاراشلار بىر-بىرىگە تەسىر قىلىۋاتىدۇ. پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك ۋە ئۈچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارمۇ كەسكىن سىناققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتمىسە، سىياسەتنى تەكىتلىمەي، يۆنىلىشنى پەرقلەندۈرمەي، چىرىك ئىدىيىلەر-نىڭ ھەممە يەرگە تارقىلىشىغا ۋە چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويۇۋەرسە، ھەتتا ئەيش-ئەشرەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىپ، جاھاننىڭ رەڭدارلىقىغا كىرىۋېلىپ، ئۆز-ئۆزىدىن چۈشكۈنلىشىشكە قاراپ ماڭسا، ئۇ ھالدا ئۆزىنى نابۇت قىلىش بىلەن بىرگە، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىغىمۇ ئېغىر زىيان سېلىشى مۇمكىن. بۇ جەھەتتىكى ساۋاقلارغا يولداشلىرىمىز ھەرگىزمۇ سەل قارىماسلىقى كېرەك. تۆتىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ جىددىي تەلىپى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇزاق مەزگىللىك ئىنقىلابىي كۈرەشلەردە چېنىققان زور بىر تۈركۈم پېشقەدەم كادىرلار رەھبەرلىك ئورنىدىن چېكىنىپ چىقىپ، مەملىكىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆسۈپ يېتىلگەن كادىرلار پەيدىنپەي رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ غولىغا ئايلانماقتا. ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە

www.uyghurkitap.com

تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنىڭ كۈچەيتىلىشى ئارقىسىدا، 30—40 ياشلىق بىر تۈركۈم كادىرلار ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە كىردى. بۇ ياش كادىرلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى، كەسپىي بىلىمى بار، ئىدىيىسى جانلىق، زېھنىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ ۋە يەنە باشقا بىرمۇنچە ئارتۇقچىلىقلىرى بار. ئەمما يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، سىياسىي ساپا، رەھبەرلىك تەجرىبىسى جەھەتلەردە، بولۇپمۇ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىش جەھەتتە ئۇنداق ياكى مۇنداق يېتەرسىزلىكلىرى كۆزگە چېلىقىپ قالغان، ئۆزىنى ئۆستۈرۈش جىددىي زۆرۈر بولۇۋاتقان خېلى بىر قىسىم يولداشلارمۇ ھەقىقەتەن مەۋجۇت. قىسقىسى، ئىدىيىۋى—سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى—سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، يىراق كەلگۈسكە مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن جىددىي ئىش. بىز رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى—سىياسىي قۇرۇلۇشنى پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلىك ئورنىنى مۇستەھكەملەش، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە تىنچ—ئامان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك يۇكسەكلىكتە ۋە تارىخىي يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ تونۇپ، ھەقىقىي تۇردە كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

رەھبىرىي كادىرلار، ئالدى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئىدىيىۋى—سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە، پارتىيە 14—نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4—ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سىياسىي ئەربابلارنىڭ ساپاسى توغرىسىدىكى بەش مەزمۇن بويىچە ئۆزىگە تەلەپ قويۇشى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ رەھبىرىي كادىرلار سىياسەتنى تەكىتلىشى كېرەك دېگەن تەلىپى بويىچە سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي مەيدان، سىياسىي كۆزقاراش، سىياسىي ئىنتىزام، سىياسىي پەرق ئېتىش كۈچى، سىياسىي سەزگۈرلۈك قاتارلىق جەھەتلەردىن ئۆزىنى تاۋلىشى، ئۆزىنى يۇكسەلدۈرۈشى، بولۇپمۇ سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم غايىسىگە بولغان ئېتىقادىنى چىڭىتىشى، پارتىيىنىڭ خاراكتېرى ۋە تۈپ مەقسىتىنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇشى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىشى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتىنى باشتىن ئاخىر قەلبىگە پۈكۈپ، سىياسىي جەھەتتىن ۋەزىيەتكە ھۆكۈم قىلىشقا، مەسىلىلەرنى كۆزىتىشكە ماھىر بولۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە، سىياسىي يۆنىلىشكە، تۈپ پرىنسىپقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ھەق—ناھەقنى ئېنىق ئايرىشى، كاللىنى سەگەك تۇتۇشى كېرەك. يىغىپ ئېيتقاندا، ماركسىزملىق دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، پارتىيىۋىلىكنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى لازىم. نۆۋەتتە مۇنداق بىر قانچە جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم.

**بىرىنچى، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىش كېرەك.** سىياسەتنى تەكىتلەشنىڭ يادروسى توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە، سىياسىي مەيداندا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. پارتىيىمىزنىڭ كادىرلىرى باشتىن ئاخىر پارتىيە ۋە خەلق مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي يۆنىلىش جەھەتتە سەگەكلىكى ۋە مۇستەھكەملىكىنى ساقلىشى لازىم. ئەگەر مەيدانى تۇراقسىز، سىياسىي يۆنىلىشى مۇجمەل بولسا، خىزمەت ئىشلەشتە تەۋرىنىپ تۇرىدىغان بولسا، مۇھىم ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، بۇنداقلارنى مۇھىم ئىشقا قويغىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك بولغان توغرا سىياسىي يۆنىلىش نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى كۆرسىتىپ بەرگەن يۆنىلىش، يەنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يۆنىلىشى، ئەڭ ئاخىرىدا كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش يۆنىلىشىدىن ئىبارەت. مۇشۇ يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش دېگەن سۆز ئابستراكت ئۇقۇم بولماستىن، ئۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىدە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. بىز بەرپا قىلماقچى بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈم بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن، سوتسىيالىزمنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا زۆرۈر بولغان تۈزۈلمىدۇر. بىز ھەرگىزمۇ ئىلگىرىكىدەك سوتسىيالىزمنى بۇرمىلاپ چۈشىنىدىغان ۋە دوگمىلارچە چۈشىنىدىغان ھالەتتە تۇرىۋەرمەسلىكىمىز، ھەرگىزمۇ سوتسىيالىزمنىڭ چىڭ تۇرۇشى شەرت بولغان ئاساسىي پرىنسىپ ۋە ئەۋزەللىكىنى ئىنكار قىلىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىياسىي يۆنىلىشكە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە چوقۇم مەيدانىمىز مەستەھكەم، بايرىقىمىز روشەن بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: (1) ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىدا ۋە دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچىلىك رولىدا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ۋە شەھەر-يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇش ۋە مەدەت بېرىش، ئۇنىڭ زۆرۈر بولغان تولۇقلاش رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم؛ بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش بىلەن ئوبدان بىرلەشتۈرۈپ، جۇشقۇنلۇقتا، ھاياتىي كۈچكە تولغان يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تىرىشىپ يارىتىش لازىم. (2) كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىزنىڭ كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى نىشانىمىز جۇڭگوچە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش، كارخانىلارنىڭ مال-مۈلكىنى قايتىدىن تەشكىللەش ئىشى مەيلى قانداق ئېلىپ بېرىلسۇن، كارخانىلارنىڭ تەشكىللىنىش شەكلى، ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى قانداق ئۆزگەرسۇن، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنى تەۋرىتىشكە

بولمايدۇ، پارتىيىنىڭ كارخانىلارغا بولغان سىياسىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى يوقىتىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلىنىڭ سىياسىي يادرولۇق ئورنىنى ۋە جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاكتىنىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. (3) ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت تۈپ دۆلەت سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش، خىزمەت داۋامىدا ھەم دۇنيا ئەللىرىنىڭ بىزگە پايدىلىق بولغان نەرسىلىرىنى دادىللىق بىلەن ئۆگىنىش، ئەينەك قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ھەم دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى قەتئىي قوغداپ، كاپىتالىستىك چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشى ۋە سىڭىپ كىرىشىنى توسۇش لازىم. (4) ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپى ۋە ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، بىر قىسىم كىشىلەرنى، بىر قىسىم رايونلارنى ئالدىن بېيىتىش سىياسىتىدە ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ۋە ئىجتىمائىي تەقسىماتتا كۆرۈلگەن زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشقا دىققەت قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش كېرەك. (5) ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى تەڭلا ياخشى يولغا قويغاندا، ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرغان بولىمىز، ئىقتىسادنىڭ بىر مەھەل تەرەققىياتىنى دەپ مەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇربان قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. (6) بىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى نىشانىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت، غەربنىڭ كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمى ۋە پارلامېنت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ ھەم ئۇنىڭغا يول قويۇلمايدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىزنىڭ باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇشىمىز شەرت بولغان سىياسىي يۆنىلىش گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ، رەھبىرىي كادىرلار مۇشۇ پرىنسىپال مەسىلىلەردە بايرىقى روشەن بولۇشى، مۇجمەل پوزىتسىيىدە بولماسلىقى، تەۋرەنمەسلىكى ھەمدە ئۇنى خىزمەت داۋامىدا ئىپادىلىشى، ھەرىكىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئىشلىرىمىزنى ساغلام يولنى بويلاپ ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرالايمىز، خىزمەتلىرىمىزدە ھەقىقىي نەتىجە يارىتالايمىز.

**ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ ئاممىۋى نۇقتىئىنەزىرىدە ۋە ئاممىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاش كېرەك.** خەلق ئاممىسى پارتىيىمىزنىڭ كۈچ مەنبەسى ۋە غەلىبە ئاساسى. جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پارتىيىمىزنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى. ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەر ۋە ئاممىۋى لۇشيەن پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي سىياسىي نۇقتىئىنەزىرى ۋە تۈپ خىزمەت لۇشيەنى. پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىشى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان ئىش بولغاچقا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە ۋە كۈچ-قۇدرىتىگە تايىنىش ئارقىلىقلا

ئورۇندىغلى بولىدىغان ئىش. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سىياسىي مەسىلە، تۈپ ئاساسدىن ئېيتقاندا، خەلق ئامىسىغا بولغان پوزىتسىيە مەسىلىسى، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسىدۇر. رەھبىرىي كادىرلار پارتىيىنىڭ ئاممىۋى نۇقتىئىنەزىرىنى، ئاممىۋى لۇشيەنىنى ھەقىقىي تۇردە ئىگىلىگەن ۋە ئەمەلىيلەشتۈرگەندە، ئاندىن ئۇزىنىڭ سىياسىي ساپاسىنى تۈپ ئاساسدىن يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ، ھازىر بەزى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭى ۋە ئاممىۋى نۇقتىئىنەزىرى قەلبىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئاممىغا بولغان ھېسسىياتى سۇسلىشىپ قالدى، ئاممىۋى لۇشيەنىنى بىلمەيدىغان، ئاممىۋى خىزمەتنى ئىشلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، ھەتتا ئاممىدىن ئېغىر ھالدا ئايرىلىپ قالدى. بۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا ئىنتايىن خەتەرلىك بولىدۇ. بىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى ئۈستۈرۈش ئۈچۈن ماركسىزملىق ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەرنى ۋە ئاممىۋى لۇشيەننى يېڭىباشتىن ئۆگىنىشى، ئامما بىلەن بولغان ئالاقىدە ئۆزىنى ھەقىقىي تۇردە توغرا ئورۇنغا قويۇشى لازىم. مەسىلە ئۈستىدە ئويلانغاندا ۋە ئىش بېجىرگەندە ھەممىدە ئاممىنى كۆزلەش، ھەر ۋاقىت ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئاممىغا قەتئىي ئىشىنىش، ھەممە ئىشتا ئاممىغا تايىنىش، "خەلقنىڭ ھىمايە قىلىش-قىلماسلىقى"نى، "خەلقنىڭ قوللاش-قوللىماسلىقى"نى، "خەلقنىڭ خۇشال بولۇش-بولماسلىقى"نى، "خەلقنىڭ ماقۇل بولۇش-بولماسلىقى"نى ھەقىقىي تۇردە ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ۋە خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نىشانى قىلىش لازىم. ئامما ئارىسىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئاممىدىن سەممىيەت بىلەن ئۆگىنىش، ئاممىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ تۇرۇش، ئاممىنىڭ ئىجادىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش، ئاممىنىڭ پىكرىگە ۋە ساداسىغا قۇلاق سېلىش، خەلق ئاممىسىنىڭ ھال-ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرۇش، ئامما ئويلىغاننى ئويلاش، ئامما ئالدىرىغانغا ئالدىراش، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش، بولۇپمۇ ئامما ئۈچۈن "قەھرىتان سوغۇقتا كۆمۈر يەتكۈزۈپ بېرىش"تەك ئىشلارنى كۆپرەك قىلىش، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلار، نامرات جايلار ۋە قىيىن ئەھۋالدا قالغان كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىپ بېرىش كېرەك. ئامما بىلەن جاپانىمۇ، ھالاۋەتنىمۇ باشتىن ئاخىر تەڭ كۆرۈپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە بولۇپ، قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلىساقلا، ئىشلىرىمىزنى مەڭگۈ ياشارتىپ تۇرالايمىز.

**ئۈچىنچى، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپىغا ۋە سىياسىي ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداش كېرەك.** بۇ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى قوغداشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى،

www.uyghurkitap.com

شۇنداقلا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى، جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى. ئېغىر ھەم مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان پارتىيىمىزدەك مۇشۇنداق چوڭ بىر پارتىيىنىڭ ئەگەردە پولاتتەك ئىنتىزامى بولمىسا، سىياسىي جەھەتتە بوشاڭلىق ھالىتىدە تۇرسا، ئىنتايىن خەتەرلىك. پارتىيىنىڭ سىياسىي ئىنتىزامىنى چىڭىتىشتا، ئەڭ مۇھىمى سىياسىي، ئىدىيىۋى، ھەرىكەت جەھەتتە مەركەز بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنى ئاساسىدىكى ۋە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى يېتەكچىلىكىدىكى پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى قەتئىي قوغداشتىن ئىبارەت. رەھبىرىي كادىر بولغان كىشى ئەگەردە ئېغىزدا ”بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك“ دەپ قويۇپ، ھەرىكەتتە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز بىلگىنىنى قىلسا، قىسمەن مەنپەئەتنى، كىچىك گۇرۇھنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىپ، دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى يۇتۇۋېلىپ، ئومۇمىي مەنپەئەتكە زىيان سالسا، ئۇ ھالدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشقا ئېغىر دەخلى يەتكۈزىدۇ، شۇنداق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ، ئەلۋەتتە. مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەن ھامان قەتئىي تۈزىتىش ۋە توسۇش لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، بارلىق ھەرىكەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ بەلگىلىمىسىگە بويسۇنۇشى، بولۇپمۇ سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشى كېرەك. بۇ نۇقتا ھازىرقى ۋاقىتتا ئالاھىدە مۇھىم.“ ”مەركەزگە قاتتىق بويسۇنغاندىلا، پارتىيىمىز ئاندىن پۈتكۈل پارتىيە ئەزالىرىغا ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلالايدۇ. ھەرقانداق بىر كىشى ئەگەردە مۇشۇ ماددىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىدىكەن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ئۇنىڭغا قارىتا ئىنتىزام جازاسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى لازىم، چۈنكى پارتىيىنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئىتى ئەنە شۇ يەردە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئىتىمۇ ئەنە شۇ يەردە.“ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم ئومۇمىيلىق نۇقتىئىنەزىرىنى تۇرغۇزۇپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ مەسىلىلەرنى ئويلىنىشى، ئىشلارنى بىجىرىشى، پارتىيە ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلىشى، قاتتىق دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ۋە كۈچلۈك پارتىيىۋىلىك ئارقىلىق پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ۋە ھۆكۈمەت ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ ئۆز رايونىدا، ئۆز ئورنىدا ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى، ئىدىيە بىلەن ھەرىكەتنى مەركەزنىڭ روھى بىلەن

بىرلەشتۈرۈشى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغدىشى ھەمدە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئىجادىي ھالدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

**تۈتىنچى، پاك-تەلەپچان بولۇشتا باشلامچى بولۇش، چىرىكلىك ئەھۋاللىرى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش كېرەك.** ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پارتىيىمىز قەتئىي قانات يايدۇرۇپ كېلىۋاتقان چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى، ماھىيەتتە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا ۋە تەقدىرىگە، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى مەغلۇب بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر مەيدان زور سىياسىي كۈرەش. پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتىن مەقسەت پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنى ۋە ساپلىقىنى ساقلاش، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتىنى ساقلاش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى بىلەن قارىمۇ قارشى قىلىپ قويىدىغان ياكى ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى تۇتۇلسا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىغا زەربە بولۇپ قالارمىكىن، تەسىر يېتىپ قالارمىكىن دەپ قارايدىغان ئويىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە خىزمەت ئەندىزىسىگە ئاساسەن، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي بوشاشماي پۇختا ھالدا قانات يايدۇرۇشى لازىم. ھەر بىر رەھبەرىي كادىر پاك-تەلەپچان بولۇشتا باشلامچى بولۇشى، پارتىيە ئىنتىزامى، سىياسىي ئىنتىزام ۋە قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى قاتتىق چەكلەپ تۇرۇشى، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، ئۆچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىكنىڭ تەسىرىنى ۋە ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇش قاتارلىقلارنىڭ قىزىقتۇرۇشىنى ئاڭلىق توسۇپ ۋە تۆكىتىپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، پاك-دىيانەتلىك بولۇشنىڭ نەمۇنىسى بولۇشى كېرەك. يەنە تۇغقانلارنى ئوبدان باشقۇرۇشى، بەنزىنى ياخشى يېتەكلىشى، ئۆز جايىنىڭ، ئۆز ئورنىنىڭ كەيپىياتىنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چىرىكلىك ئەھۋاللىرى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىپ، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىنىڭ جىددىيلىكىنى باشلامچىلىق بىلەن قوغداپ، رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىشى، مۇشۇ جەھەتتە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى كۈچ سەرپ قىلىپ ھەل قىلىشى لازىم. قانۇنغا، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان كىشىلەرنى ۋە قانۇنغا، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلارغا قارىتا ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تارماقلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

جىددىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئاكتىپ قوللىشى، ھەركىم ئۆز قاياشى بويىچە ئىش كۆرۈشكە، تۇغقانلىرىغا چېتىشلىق ئەنزىلەرگە ئارىلىششقا، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنى مەيلىگە قويۇۋېتىشكە، قانات ئاستىغا ئېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپانى ئۆستۈرۈشتە، ئەڭ مۇھىمى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆزى ئاڭلىق بولۇشى، ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلىشى، ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ئۆز-ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى، ئۆز-ئۆزىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرۇشى لازىم. بۇ، يىغىپ ئېيتقاندا، پارتىيە نىزامنامىسى ۋە پارتىيىنىڭ ھەر تۈرلۈك بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشتا چىڭ تۇرۇش، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە سىياسىي ئىنتىزام ئارقىلىق ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇش، جەمئىيەتتىكى ناچار كەيپىياتلارنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا، ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، يامان نەرسىنى بىخ ھالىتىدىلا يوقىتىپ، ئۆز ھەرىكىتىنى كوممۇنىستقا خاس يۈكسەك كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا، ئالىيجاناب روھقا ۋە ئەخلاق-پەزىلەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش دېگەنلىكتىن ئىبارەت. رەھبىرىي كادىرلار ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلەشتە چىڭ تۇرۇشى لازىم دېگەنلىك، سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ۋە ۋەزىپە تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ھوقۇققا توغرا قارىشى، ھوقۇقنى توغرا ئىشلىتىشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر. پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئىشلىتىشى كېرەك، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. كادىرلارغا ۋە ئاممىغا نەمۇنە بولۇش، باشقىلارنىڭ قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىشلارنى ئالدى بىلەن ئۆزى ئىشلىشى، باشقىلارنىڭ قىلىشنى چەكلىگەن ئىشلارنى ئۆزى قەتئىي قىلماسلىقى، ئۆزىگە تېخىمۇ يۇقىرى، تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇشى كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشى لازىم دېگەنلىك، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىش، ھەر كۈنى «ئۆزىنى بىرنەچچە قېتىم تەكشۈرۈش»كە ئادەتلىنىپ، ئۆز ھەرىكىتىنى دائىم ئەسلەپ تۇرۇشى، ئۆز ئىشلىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىپ، ئۆزىنىڭ سۆز-ھەرىكىتىنى پارتىيىنىڭ ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر. رەھبىرىي كادىرلار ئۆز-ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك دېگەنلىك، پاك-تەلەپچان بولۇش جەھەتتە مۇستەھكەم مۇداپىئە سېپىنى قۇرۇشى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى، چىرىپ چۈشكۈنلەشكەنلەرنى ئەينەك قىلىپ ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇشى، ساۋاق ئېلىشى، شۇ ئارقىلىق چىرىك ئىدىيە ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ چىرىتىشىگە قارىتا ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر. رەھبىرىي كادىرلار ئۆز-ئۆزىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك دېگەنلىك، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ماركسىزملىق دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى

ۋە قىممەت قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلىشى، كۆپ پەنسىز، جاپا مىكچى، لى روڭشۇ قاتارلىق مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىرلاردىن ئۆگىنىپ، ئاكتىپ ھالدا ئۇلۇغۋار روھنى يېتىشتۈرۈپ، ناچار ئىستىل، يامان كەيپىياتلارنى توسۇپ، كوممۇنىستلارغا ۋە خەلق چاكارلىرىغا خاس خىسلەتنى مەڭگۈ ساقلىشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر.

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلات-لىرىنىڭ مۇھىم مۇسئۇلىيىتى بار. پارتىيە تەشكىلاتلىرى بارلىق كادىرلارغا قارىتا قاتتىق تەلەپ قويۇش، قاتتىق باشقۇرۇش، قاتتىق نازارەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. قاتتىق تەلەپ قويۇش، قاتتىق باشقۇرۇش، قاتتىق نازارەت قىلىش دېگەن تەلەپمۇ، ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، ئۆز-ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش، ئۆز-ئۆزىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرۇش دېگەن تەلەپمۇ رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. پارتىيىمىز ئىچىدىكى ھەر بىر كىشى پارتىيە تەشكىلىنىڭ تەربىيىسىنى، باشقۇرۇشنى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. پارتىيە تەشكىلىدىن ۋە پارتىيە ئىنتىزامىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىمتىيازلىق ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. كادىرلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ قاتتىق بولماسلىق، تەربىيىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇش، نازارەت كۈچلۈك بولماسلىق ياخشى كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈيافتا تۇرسۇن، ھەتتا كادىرلاردا ساقلىنىۋاتقان، ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىپ كېتىش مۇمكىن بولغان بەزى مەسىلىلەر-نىڭ توپلىشىپ چوڭ مەسىلىگە ئايلىنىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىن. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، مەلۇم ئورۇن ۋە مەلۇم ئىدارىنىڭ پارتىيە ئىشلىرىنى قاتتىق باشقۇرالماسلىقىدا تۈزۈم جەھەتتىكى سەۋەبتىن باشقا مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، ئۇ يەرلەردە ياخشىچاق بولۇش ئومۇمىي كەيپىيات بولۇپ كەتكەن، زىددىيەتتىن قېچىش، مەسىلىنى يېپىش، ئاجىز-چېچىلاڭغۇ بولۇش، پرىنسىپسىز ھالدا ئىناقلىقنى ساقلاش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ياخشىچاق بولۇش ئەھۋالىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش، پارتىيە ئىشلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاكچىنىنى پارتىيە تەشكىلىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىغا، كادىرلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇش، ئۇلارنى قاتتىق باشقۇرۇش، قاتتىق نازارەت قىلىش ئەمەلىيىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. مۇشۇنداق قىلىشلا پارتىيە ئىشلىرىغا ھەقىقىي مەسئۇل بولغانلىق، كادىرلارنى ھەقىقىي ئاسرىغانلىق، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ياخشى كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتە بىزدە نۇرغۇن ياخشى ئەنئەنىلەر، ياخشى تەجرىبىلەر، ياخشى ئۇسۇللار بار، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان بەزى تۈزۈملەرمۇ بار، گەپ ئۇلارنى ئەستايىدىللىق، پۇختىلىق بىلەن يولغا قويۇشتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە،

يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئېھتىياجغا ئاساسەن تۈزۈملەرنى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشنى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، پارتىيىمىز-نىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىكى ۋە سىياسىي ئاڭ-سەزگۈسى ئارقىلىق تۈزۈمنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئۈنۈملۈك بولغان نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى ھەقىقىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىدىغان ئەھۋاللارنى توسۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتنى كۈچەيتىشتە ئالدى بىلەن رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نازارەت قىلىش رولىنى كۈچەيتىش كېرەك. بەنزىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، توغرا بولمىغان ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە، ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي فاڭجېن ۋە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نازارەت يوللىرىنى كېڭەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ نازارەت قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

رەھبىرىي كادىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، نەزەرىيە سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپانى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاساسىي ھالقىسى. ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشتە ئەڭ ئاساسلىقى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، كۆپ ساندىكى رەھبىرىي كادىرلار نەزەرىيە ئۆگىنىش جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىش جەھەتتە يېڭى ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدى، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن زور رول ئوينىدى. لېكىن ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ قېلىشقا ۋە بوششىپ قېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. نۆۋەتتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى، يېتەكچى ئىدىيىنى ۋە خىزمەت فاڭجېنىنى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ 5-ئومۇمىي يىغىندا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىدە ئوتتۇرىغا قويغان ھەم بايان قىلغان 12 چوڭ مۇناسىۋەتنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى ئەھۋاللارنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى مۇھاكىمە قىلىش لازىم. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىشتە

ھەم نەزەرىيىگە بولغان چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى، ئاساسىي فاڭجېننى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش، ھەم ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى قوللىنىپ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى تۈرلۈك ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەم نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىپ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش، ھەم نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىپ سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش كېرەك. پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىشنى ئۆگىنىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى توغرىلاپ، توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلەش لازىم. بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمىز نەزەرىيە ئۆگىنىشنى، نەزەرىيە تەتبىقلاشنى مۇشۇنداقلا ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدىغانلا بولسا، ئۇ ھالدا ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى ۋە خىزمەت قىلىش سەۋىيىسى جەزمەن زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، پارتىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى جەزمەن زور دەرىجىدە كۈچەيتىلىدۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى جەزمەن تېخىمۇ كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئادالەت مۇھەممەت
رىسالەت ئابلا

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

# ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

3-مارت ئايلىرىدا بېيجىڭ يىللىق باھار شامىلىدا رەڭگارەڭ گۈل-چېچەككە پۈركەلدى. 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنى ۋە سىياسىي كېڭەش 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 4-يىغىنى كۈن تەرتىپكە قويۇلغان ئىشلارنى تولۇق ئورۇنداپ، بېيجىڭدا ئاياغلاشتى. بۇ ئىككى يىغىندا خەلق قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ھەيئەتلىرى ئىچىلىپ-يېيىلىپ سۆزلەپ، ئەقىل كۆرسىتىپ، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش ئۈستىدە ئورتاق مەسلىھەتلىشىپ، ”دېموكراتىك بولۇش، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش، غەيرەتكە كەلتۈرۈش“تىن ئىبارەت قۇرۇلتاي روھىنى يەنە بىر قېتىم تولۇق گەۋدىلەندۈردى. يىغىننىڭ ئەڭ زور نەتىجىسى شۇ بولدىكى، «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى» مۇھاكىمە قىلىندى، قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى. «پروگرامما» پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈش ۋە 2010-يىلغىچە كەلگۈسى نىشانىنى بەلگىلەش توغرىسىدىكى تەكلىپى» بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، «تەكلىپ»نىڭ ئاساسىي روھىنى كونكرېت ئىزچىللاشتۇردى ۋە گەۋدىلەندۈردى، ئۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشدىكى ئۇلۇغ مۇساپە بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «پروگرامما»نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى چوڭ بىر ئىشتۇر. بىز ”ئىككى يىغىن“نىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى ۋە «پروگرامما»نىڭ غەلىبىلىك دۇنياغا كەلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

1996-يىلدىن 2010-يىلغىچە بولغان 15 يىل ئەسىر ھالقىيدىغان 15 يىل. بۇ دەۋر دۆلىتىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككى تەرەققىيات باسقۇچىنى ھالقىيدىغان بولغاچقا، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسى-

يالىستىك ئىشلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن ھالقىلىق بولغان بىر ئالاھىدە تارىخىي دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ دەۋردىكى خىزمەت ئوبدان ئىشلەنسە، دۆلىتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا، ھەتتا پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا ۋە تەقدىرىگە ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ دەۋردىكى خىزمەتنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ؟ ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، خىزمەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان-بولمىغانلىقىنى ۋە پايدا-زىيىنىنى قانداق ئۆلچەش كېرەك؟ «پروگرامما» بىر ئۆلچەم ۋە بىر سىزغۇچ بىلەن بىزنى تەمىن ئەتتى. ئەسىر ئالمىشىۋاتقان ھازىرقى پەيتتە، پۈتۈن يەر شارىغا نەزەر سالساق، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ 21-ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىنكى تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. يىراقنى كۆرەلەيدىغان، ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرىۋاتقان كۈچلۈك پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئىنتايىن مەسئۇل بولىدىغان ھۆكۈمەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۋيۈەن ئالدىبۇرۇنلا دۆلىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۇزاق دەۋردىكى تەرەققىيات مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىغانىدى. «تەكلىپ»نىڭ «پروگرامما»غا ئايلىنىشى، دېمەك پارتىيە قارارىنىڭ ھۆكۈمەت تەدبىرىگە ئايلىنىشى ۋە يەنە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ئايلىنىشى پۈتۈن پارتىيە بويىچە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قارىتا مۇستەھكەم ئىشەنچ تىكلەنگەنلىكىنى ۋە كەڭ دائىرىدە ئورتاق تونۇش ھاسىل بولغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلىدۇ، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۈمىدكە تولۇپ تاشقان پارلاق ئىستىقبالىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«پروگرامما» بىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ھەرىكەت قىبلىنامىمىز. خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى مۇھىت ۋە شارائىتنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆزەتكەندە، بىز ھەم كەم ئۇچرايدىغان تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە بولىمىز، ھەم نۇرغۇن تەرەپلەردىن كەلگەن قاتتىق مۇسابىقىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. بىز چوقۇم خاتىرجەم شارائىتتا تۇرغاندا خەۋپ-خەتەرنىمۇ ئويلاپ قويۇشىمىز، جاسارەت بىلەن ئىرىشىپ ئىشلەپ، پۇرسەتنى ياخشى ئىگىلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىمىزنى يۈكسەلدۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى ئۈچ قەدەم بويىچە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسىگە ئاساسەن ئالدىن بەلگىلەنگەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1980-يىلدىكىدىن ئىككى قاتلاش نىشانى 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇددەتتىن بۇرۇن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، مەركەز پۇرسەتنى

www.uyghurkitap.com

قولدىن بەرمەي يېڭى كۆرەش نىشانىنى، يەنى 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنداپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1980-يىلدىكىدىن ئىككى قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش؛ 2010-يىلغىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 2000-يىلدىكىدىن يەنە بىر قاتلاپ، خەلقنىڭ ھاللىق تۇرمۇشىنى تېخىمۇ باياشات قىلىش، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. «پروگرامما»دا بۇ كۆرەش نىشانى تەرەققىيات ۋە ئىسلاھاتنىڭ تۈرلۈك باسقۇچ خاراكتېرلىك نىشانى ياكى كۆرسەتكۈچ تەرىقىسىدە كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، بۇ ھەم ئۇلۇغۋار، كىشىنى روھلاندۇرىدىغان نىشان، ھەم ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىغا قويۇلغان، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان نىشاندۇر. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە تىرىشىپ ئالغا ئىنتىلىپ، «پروگرامما»نى ماددىمۇ ماددا ئەمەلىيلەشتۈرسىلا، مەقسىدىمىزگە چوقۇم يېتەلەيمىز. بۇنىڭ بىلەن كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلىتىمىزنى باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك بولغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈنمۇ پۇختا ئاساس سالالايمىز، يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايمىز.

«پروگرامما» يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى توپ قىبلىنامە قىلىپ، «تەكلىپ»تىكى ئاساسىي پىكىر يولىنى بويلاپ، دۆلەت ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، پۈتۈن يەرشارىغا كۆز سېلىش، ھازىرقى ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، يىراق كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش روھى بويىچە، بەش يىللىق خىزمەتنى پىلانلىدى، 15 يىللىق خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن "سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش" دېگەن توپ خاراكتېرلىك مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئىشەنچلىك ئاساسقا قويۇپ، ماڭغىدەك رېئال يولنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلىرى غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بىراق شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، سوتسىيالىزم تېخى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، ماددىي تېخنىكىلىق ئاساسىمىز تېخى دېگەندەك تولۇق ئەمەس. ئوتتۇرا مەزگىللىك، ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات جەريانىدىمۇ ئاز بولمىغان چەكلەش ئامىللىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، گەۋدىلىك بولغانلىرى نوپۇس بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمى بىر قەدەر ئېغىر، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان بايلىق نىسپىي يېتەرلىك ئەمەس، خەلق ئىگىلىكىنىڭ

ئومۇمىي ساپاسى يۇقىرى ئەمەس، بولۇپمۇ ئىككى جەھەتتىن خەلقئارا بېسىمغا دۇچ كېلىمىز: بىرى، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە پەن-تېخنىكا جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكىنىڭ بېسىمى، يەنە بىرى، خەلقئارا زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىنىڭ بېسىمى، بۇ بېسىملار تەرەققىياتىمىزنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ. بىز قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەت ۋە تەجرىبىلەر ئاساسىدا، داۋاملىق چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ھەر تەرەپتىن بىزنى مۇسابىقىگە چاقىرغانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايمىز. مەركەزنىڭ «پروگراما»نى بەلگىلىشى ۋە يولغا قويۇشىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيىتىمۇ دەل شۇنىڭدا. «پروگراما» ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يېڭى چوڭ بىر بالداق كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلىدۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە سۈپىتى خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا روشەن تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇ ۋاقىتقا بارغاندا، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز زامانىۋىلاشقان يېپيېڭى قىياپىتى بىلەن دۇنيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ، 21-ئەسىرگە قەدەم قويغان ۋاقىتتا، خەلقئارادىكى ئىقتىساد، تېخنىكا ھەمكارلىقى بىلەن رىقابەت چوڭ سەھنىسىدە تېخىمۇ ئاكتىپلىق، تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان ئورۇنغا ئىگە بولالايمىز، ھەمدە ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىق، تەرەققىيات ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشالايمىز.

«پروگراما»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ ئاساسلىق بىر مادda پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە، ئاساسىي لۇشيەن ۋە ئاساسىي فاڭجېنى ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇپ، پۈتكۈل خەلقنى تەربىيىلەپ ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىشتىن ئىبارەت. ئىدىيە جەھەتتە، نەزەرىيە جەھەتتە بىرلىككە كېلىش ھەرىكەت جەھەتتە قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە مۇشۇ نەزەرىيە ئاساسىغا ئورنىتىلغان پارتىيىنىڭ "بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا"دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنى ئاز كەم 20 يىللىق زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىنىڭ سىناقلىرىغا، ئۆزگىرىپ تۇرغان ھازىرقى زامان دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى، ئۇ-مىللىتىمىزنى گۈللىنىشكە باشلايدىغان ئىلمىي نەزەرىيە، شۇنداقلا تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزنى غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان توغرا لۇشيەن.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەلگىلىگەن ”پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش“تىن ئىبارەت ئاساسىي فاڭجېن بىزنىڭ يېڭى دەۋردە غەلىبىدىن تېخىمۇ زور غەلىبىگە قاراپ مېڭىشىمىزغا كاپالەتلىك قىلىدىغان توغرا فاڭجېن. بۇ ”ئۈچ ئاساسىي“ پۈتۈن پارتىيىمىزنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىزنىڭ ئىدىيىدە بىرلىككە كېلىشىنىڭ ئاساسى، ئىشەنچىنىڭ تايانچىسى، كۈچ -قۇدرىتىنىڭ مەنبەسى. 5-ئومۇمىي يىغىننىڭ «تەكلىپ»ى ۋە ”ئىككى يىغىن“دا مۇھاكىمە قىلىپ ماقۇللانغان «پروگراما» دەل ”ئۈچ ئاساسىي“نى ئىزچىللاشتۇرغانلىقنىڭ مەھسۇلى. نۆۋەتتە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىدە، ئاساسىي لۇشيەنىدە ۋە ئاساسىي فاڭجېنىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىمىز دەيدىكەنمىز، «پروگراما»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئوبدان تۇتۇشىمىز كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن بىزنى سىياسەتنى تەكىتلەشكە چاقىردى. بىز «پروگراما»نى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشىغا سىياسىي نەزەر ۋە كۆزقاراش بىلەن قارىشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك، ھەرقايسى تارماقلاردىكى رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە بۇ قېتىمقى ”ئىككى يىغىن“نىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى، «پروگراما»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى نۆۋەتتىكى مۇھىم بىر تۈرلۈك سىياسىي ۋەزىپە قىلىشى لازىم. ”ئۈچ ئاساسىي“نىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىقتىساد بىلەن سىياسەتنىڭ، ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن باشقا ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى دىئالېكتىك ئاساستا تونۇشىمىز ۋە بىر تەرەپ قىلىشىمىز، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇشىمىز ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلدا، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىلەرگە دۇچ كېلىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. تەرەققىياتتا مۇھىم نۇقتىنى سۈپەتنى، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش ۋە قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇشقا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ، ئىسلاھاتتا نۇقتىلىق مەسىلىلەر ۋە قىيىن مەسىلىلەردە بوسۇش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ ھال مەنپەئەت تۈزۈلمىسى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ، شۇڭا سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشقا يۇكسەك ئېتىبار بېرىپ، ئۈچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىگەللەشكە ماھىر بولۇپ، ئۆزئارا ماسلىشىش، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

«پروگراما»دا بەلگىلەنگەن بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىللىق ۋە 15 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پۈتكۈل ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەريانىدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەركەز قىلىشتا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يەنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە بۇرۇلۇش، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتە يىرىك باشقۇرۇشتىن تۈجۈپە-لەپ باشقۇرۇشقا بۇرۇلۇش كېرەك. كۆپ يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ئەمەلىيەتتە يۇقىرى سېلىنمىلىق، يۇقىرى سەرپىياتلىق، يۇقىرى سۈرئەتلىك، تۆۋەن ئۈنۈملۈك يولدا مېڭىپ كېلىۋاتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن روشەن ئىقتىسادىي داۋالغۇش ۋە پۇل پاخاللىقىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. ئىسلاھاتنى يولغا قويغاندىن بۇيان، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئىنتىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەركەز قىلىش يولىدا مېڭىش لازىملىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدۇق. بىراق بازار مېخانىزمى كەمچىل بولغان ياكى بازارنىڭ بايلىقنى تەقسىملەشتىكى ئاساسلىق رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، يىرىك باشقۇرۇش ئەھۋالىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىككى بۇرۇلۇشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بىلەن ئىقتىسادىي ھەرىكەت مېخانىزمنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، بايلىقنى تېجەش، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش، سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى پايدىلىق بولغان كارخانا باشقۇرۇش مېخانىزمنى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىشقا پايدىلىق بولغان تېخنىكا تەرەققىيات مېخانىزمنى، بازاردا ئادىل رىقابەت ئېلىپ بېرىشقا ۋە بايلىق تەقسىماتىنى سەرخىللاشتۇ-رۇشقا پايدىلىق بولغان ئىقتىسادىي ھەرىكەت مېخانىزمنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ دىئالېكتىك ئالاقىسىنى چوڭقۇر ئىپادىلىدى. 9-بەش يىللىق پىلانىنىڭ باشلىنىشى بىلەنلا، ”ئىككى بۇرۇلۇش“نى بېقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز ۋە قانات يايدۇرۇشىمىز كېرەك. تارىخىي تەجرىبىلەرنى، بولۇپمۇ 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئىقتىسادىي خىزمەت سەۋىيىمىزنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ۋە ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنىڭ يۈزلىنىشىنى ئوبدان ئىگىلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك؛ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى كۈچەيتىش، ”بوغما“ كەسىپلەرنىڭ چەكلىشىنى پەسەيتىشكە دىققەت قىلىش، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى

www.uyghurkitap.com

ئاساسلىق ئورنىنى كۆچەيتىش، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ زاپاس كۈچىنى ئاشۇرۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك؛ دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ئىشىنى رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش، ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن ئورگانىك هالدا بىرلەشتۈرۈپ، كارخانا سۈپىتىنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈپ ۋە كارخانىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى داۋاملىق زورايتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى يېتەكچىلىك رولىغا ھەقىقىي كېپىللىك قىلىش كېرەك؛ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي مۇھىم ماكرو ساھەلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەيدىنپەي چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك؛ ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، خەلقئارا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىشىش ئىشىنى قېلىپلاشتۇرۇش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش نىشانىغا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك؛ دېموكراتىيىلىشىش، ئىلمىيلىشىش ئاساسىدىكى تەدبىر كۆرۈش تەرتىپىدە چىڭ تۇرۇپ، يۈكسىلىش بىلەن تەرەققىيات داۋامىدا بىر ئۆرلەپ بىر پەسىيىدىغان، بىر قىزىپ بىر سوۋۇيدىغان، بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر چۈشىدىغان ئەھۋالنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىش يولىغا سېلىش كېرەك. ئىككى بۇرۇلۇشنى ئەستايىدىل ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى تولۇق جارى قىلدۇرساقلا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا چوقۇم تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

«پروگرامما»نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىككى مەدەنىيەتنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنى تەڭكەش هالدا راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان، ئورگانىك هالدا بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدىدۇر. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋىيىسى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات دەرىجىسى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ 21 -ئەسىرگە قانداق قىياپەت بىلەن قەدەم تاشلايدىغانلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. «پروگرامما» ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنى تەڭ راۋاجلاندۇرىدىغان ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي تەرەققىيات بىلەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇلدى، "ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش" فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش يەنە بىر قېتىم تەكىتلەندى. بىز ھەرقانداق ۋاقىتتا، ماددىي مەدەنىيەتنىڭ بىر مەھەل تەرەققىياتىنى دەپ مەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇربان قىلىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تىرىشىپ ئوبدان تۇتۇش بىلەن بىرگە، ئىدىيە-ئەخلاق

ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سەۋىيىسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. ئىلىم-پەن ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىنى ۋە داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلىنىپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىش؛ ھەممىدىن ئاۋۋال مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش؛ پىلانلىق توغۇشتىن ئىبارەت ئاساسلىق دۆلەت سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش؛ مۇھىتنى، ئېكولوگىيىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، بايلىقنى مۇۋاپىق ئېچىپ ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن نوپۇس، بايلىق ۋە مۇھىتنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ۋە كۆپ خىل شەكىلدىكى خەلق سىياسىي مەسلىھەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، تۈرلۈك سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا تىرىشچان-پاك بولۇش قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى يولغا قويۇپ، تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

«پروگرامما»نىڭ يولغا قويۇلۇشى بىر تۈرلۈك زور، مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان ماسلاشتۇرۇپ، كونا، يېڭى زىددىيەتلەرنى يېشىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ياخشى يېتەكلەش، ياخشى قوغداش، ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بازارنىڭ بايلىقنى تەقسىملەشتىكى ئاساسلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، يەنە ۋاستىلىك شەكىلنى ئاساس قىلىدىغان ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسىنى تېزدىن ساغلاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازار مېخانىزمى بىلەن ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش كېرەككى، بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ قويۇشقا، ھەتتا بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. نوقۇل ھالدا بىر تەرەپنىلا تەكىتلەپ، يەنە بىر تەرەپكە سەل قاراش ياكى ئېتىبارسىز قاراش ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت چوڭ ئىشقا پايدىسىز. مەركەزنىڭ ئاكتىپلىقى بىلەن جايلارنىڭ ئاكتىپلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئاكتىپلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ھوقۇقىنى ھەقىقىي قوغداپ،

مەركەزنىڭ زۆرۈر بولغان مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ جايلار ئاكتىپلىق ھالدا ئومۇملۇققا بويسۇنۇپ ۋە ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇپ، دۆلەت بەرگەن زۆرۈر ھوقۇقتىن توغرا پايدىلىنىپ، ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى ئوبدان تەڭشەپ، ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. شەرقىي رايونىنىڭ ئاكتىپلىقى بىلەن ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئاكتىپلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئاكتىپلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى بىر-بىرىگە مەدەت بېرىش، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش داۋامىدا رايونلار پەرقىنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى ئوبدان تەڭشەپ، دۆلەت، كارخانا، شەخستىن ئىبارەت ئۈچىنىڭ مەنپەئىتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل تەقسىمات شەكلى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۈنۈمدارلىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئادىللىقنىمۇ نەزەرگە ئېلىپ، مىللىي دارامەت تەقسىماتى جەھەتتە شەخسكە بەكلا ئېغىپ كېتىدىغان ھالەتتىن ھەقىقىي ساقلىنىپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىرىم پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىش مەسىلىسىنى پەيدىنپەي ھەل قىلىش لازىم.

قەتئىي ئىشىنىمىزكى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي فاڭجېنىنىڭ كاپالىتىدە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى-نىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن پارتىيىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئون نەچچە يىللىق ئورتاق تىرىشىشى، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشى ئارقىسىدا، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشان چوقۇم بىزنىڭ قولىمىزدا پارلاق رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. 2010-يىلى يېتىپ كەلگەن پەيت، سۆزسىز، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىز «پروگرامما» مارشىنى ياڭرىتىدىغان پەيت بولىدۇ!

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان.**



www.uyghurkitap.com

# تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن 21-ئەسىرگە ئاتلىنايلى

**زېڭ پېيەن**

يېڭى-كونا ئەسىرلەر ئالمىشىۋاتقان پەيتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىۋاتقان مۇھىم مەزگىلدە تۇرماقتا. بۇلتۇر 9-ئايدا چاقىرىلغان پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى يېتەكچى قىلىنىپ، تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك يەكۈنلەش ۋە ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈش ۋە 2010-يىلغىچە كەلگۈسى نىشانىنى بەلگىلەش توغرىسىدىكى تەكلىپى» ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئوتتۇرا ۋە ئۇزاق مەزگىللىك ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «تەكلىپ»نىڭ روھىغا بىنائەن، دۆلىتىمىز يەنە «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ كەلگۈسى 15 يىللىق ئۇلۇغۋار پىلانىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۈرەتلەپ بەردى. بىز «پروگرامما»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى كۈرەش نىشانىنى، ئاساسلىق ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز، تۈرلۈك شارائىت ۋە ئامىللارنى ئەتراپلىق چۈشىنىشىمىز، ھەممە بىر نىيەتتە غەيرەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ، نۇر چاقناپ تۇرغان ئۇلۇغۋار پىلانىنى تىرىشىپ جانلىق رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يېزىپ چىقىشىمىز لازىم.

## كىشىنى روھلاندۇرىدىغان ئۇلۇغۋار نىشان

خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۇزاق مەزگىللىك پىلانىنى

www.uyghurkitap.com

بەلگىلەشتە، ئالدى بىلەن بۇ مەزگىلدىكى ئاساسىي كۆرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. ئوبيېكتىپ تەلەپ ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىلمىي نىشان ئىنتايىن زور ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە سەپەرۋەر قىلىش، ئىلھام بېرىش رولىغا ئىگە. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەلگىلىگەن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىنائەن، مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ئاساسەن، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز بەلگىلىگەن ئەسىر ھالقىيدىغان ھەرىكەت پروگراممىسىدا مەملىكىتىمىزنىڭ كەلگۈسى 15 يىللىق كۆرەش نىشانى ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ نىشان مۇنداق: 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداش، 2000-يىلى ئاھالە 1980-يىلدىكىدىن 300 مىليون ئەتراپىدا كۆپەيگەن ئەھۋال ئاستىدا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1980-يىلدىكىدىن ئىككى قاتلاش؛ نامراتلىق ئەھۋالىنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش؛ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش؛ 2010-يىلى، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 2000-يىلدىكىدىن بىر قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاللىق تۇرمۇشىنى تېخىمۇ باياشات قىلىش، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش؛ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك تەرەققىيات ھاسىل قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش. بۇ كۆرەش نىشانى مەملىكىتىمىز ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە كېيىنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان گۈزەل كېلەچىكىنى نامايان قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قۇدرەت تاپىدىغان ئۇلۇغۋار غايە ۋە يۈكسەك ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى.

يۇقىرىقى نىشاننى بەلگىلەشتە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توپ مەقسەت قىلىنىپ، مەملىكىتىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە باسقۇچلۇق تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئۇ تۆۋەندىكىدەك روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: بىرىنچىدىن، مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئىزچىللىقى نامايان قىلىنىپ، ئىككىنچى قەدەم بىلەن ئۈچىنچى قەدەم ئوبدان تۇتاشتۇرۇلدى. ئىككىنچىدىن، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇلغاچقا، ھەم كىشىنى روھلاندۇرىدۇ، ھەم يولغا قويۇشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ، دېمەك، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى تېزلىتىشنىڭ

تەخىرسىزلىكى بىلەن ئىلمىي بولۇش، ئەمەلىيەتچىل بولۇش روھى بىرلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېقىن مەزگىللىك نىشان ۋە كەلگۈسى نىشانغا تەڭ ئېتىبار بېرىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇزاقىچە ئىزچىل تەرەققىي قىلىشى نەزەردە تۇتۇلدى. ئۈچىنچىدىن، ھەم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈپ ۋەزىپە قىلىنىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كۆزدە تۇتۇلدى، ھەم ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. تۆتىنچىدىن، ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي مىدارىنى ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىنىپلا قالماي، خەلق ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ ئېتىبار بىلەن قارىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ياخشى خاراكتېرلىك ئايلىنىشى ۋە ئىقتىسادىي يۈكسىلىشىنىڭ سۈپىتى نەزەرگە ئېلىندى، بەشىنچىدىن، ھەم ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئېتىبار بېرىلىپ، ھەم ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئېتىبار بېرىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات خەلقنىڭ تۇرمۇشنى ياخشىلاش بىلەن زىچ باغلىنىپ، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كۆزدە تۇتۇلدى. قىسقىسى، بۇنداق كۈرەش نىشانى ئىلمىي ئاساس ۋە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ئاساسىغا قويۇلغان ئۇلۇغۋار ھەم تىرىشىش ئارقىلىق يەتكىلى بولىدىغان نىشاندۇر. بۇ خىل ھەم كىشىنى روھلاندۇرىدىغان، ھەم ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان كۈرەش نىشانى پۈتۈن پارتىيىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ.

ئۇنداقتا، بۇندىن كېيىنكى 15 يىللىق ئۇلۇغۋار نىشان ئىشقا ئاشۇرۇلسا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ئومۇمىي دۆلەت كۈچى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى چوڭ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەر ھاسىل بولىدۇ، كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈچىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلىدۇ. ئۇ چاغقا بارغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قىياپىتىدە خېلى چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ. گەرچە مەملىكىتىمىزنىڭ ئاھالىسى كۆپ بولغانلىقتىن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ سەۋىيىسى ھېلىھەم بىر قەدەر تۆۋەن، يەنىلا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت سەۋىيىسىدە تۇرسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىمىزنىڭ ئومۇمىي مىقدارى دۇنيادا خېلى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي

قىممىتىمىز نۆۋەتتىكى دۇنيادىكى سەككىزىنچى ئورۇندىن يەنىمۇ ئالدىغا سۈرۈلىدۇ. خەلقئارالىق ئۆلچەمگە ئاساسلانغاندا، دۆلىتىمىز تۆۋەن كىرىملىك دۆلەتتىن ئوتتۇراھالدىن سەل تۆۋەنرەك كىرىملىك دۆلەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە مەھسۇلات مىقدارى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتىدىغان سانائەت-يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات تۈرى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. پەن-تېخنىكا ۋە ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئېچىلىشىدا يېڭى بۆسۈش ۋە تەرەققىياتلار بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېخنىكىلىق سەۋىيىسى ۋە پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن-مەدەنىيەت ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆسىدۇ. پەن-تېخنىكا بەزى مۇھىم ساھەلەردە خەلقئارالىق ئىلغار سەۋىيىگە يېقىنلىشىدۇ ياكى يېتىدۇ، مۇھىم كەسىپلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ كېلەر ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى سەۋىيىسىگە يېقىنلىشىدۇ ياكى يېتىدۇ. توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرى كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدۇ. پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە سانائەتلەشتۈرۈش، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى يەنىمۇ سەرخىللىشىدۇ ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپلەر تېخىمۇ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ، ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە ئاساسىي سانائەت خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئومۇمەن ماس كېلىدۇ، ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، ماشىنا، نېفىت-خىمىيە سانائىتى، بىناكارلىق قاتارلىق تايانچ كەسىپلەر پۈتكۈل ئىگىلىكنىڭ يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ قالىدۇ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇچۇرلىشىش دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك ئۆسىدۇ. رايونلار ئىقتىسادىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بارا-بارا مۇۋاپىقلىشىپ بېرىپ، ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان بىرنەچچە ئۆلكە (رايون، شەھەر)دىن ھالقىغان ئىقتىسادىي رايون، ئىقتىسادىي چەمبىرەك ۋە نۇقتىلىق كەسىپ بەلۋىغى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىدۇ. ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر تۈركۈم مۇھىم تايانچ قۇرۇلۇشلار ئارقا-ئارقىدىن ئىش باشلايدۇ ۋە پۈتىدۇ. دۆلەت مۇداپىئە كۈچى يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى كۆندىن كۈنگە مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ، يېڭى ئىقتىساد باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمى قېلىپلىشىش، تۈزۈملىشىش ۋە قانۇنلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇلىدۇ. شەھەر-يېزا خەلقى بىر قەدەر باياشات، ئىستېمال بۇيۇملىرى مول بولغان ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، شەھەر-يېزا مۇھىتى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتمۇ خېلى دەرىجىدە ياخشىلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە تەرتىپ ياخشى بولغان، ساغلام كەيپىيات ئەۋج ئالدۇرۇلىدىغان، ئىتتىپاق-ئىناق بولغان، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەيدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. قىسقىسى، بۇندىن كېيىنكى 15 يىللىق

ئۇلۇغۋار نىشان ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىز سىياسىي جەھەتتە تىنچ-ئىتتىپاق بولغان، ئىگىلىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىدىغان، جەمئىيەت ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلەيدىغان جەسۇرانە قىياپىتى بىلەن دۇنيانىڭ شەرقىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1980-يىلدىكىدىن ئىككى قاتلاش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈستىدە توختالغاندىلا مۇنداق دېگەنىدى: جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ قالتىس بىر ئۇلۇغۋار غايە-جەسۇرانە ئىرادە بولىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ۋە ئاجايىپ ياخشى شەرھلىگەنىدى. «پروگرامما» دىكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسلانغاندا، بىز مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشاننى غەلىبىلىك ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، بەلكى كېلەر ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى 10 يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئۈچىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانغا چوڭ قەدەم تاشلايمىز. ھازىر بىزنىڭ شۇنداق دەپ ئېيتىشقا تامامەن ئاساسىمىز باركى، كەلگۈسى 15 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەھمىيىتى غايەت زور بولغان يەنە بىر قالتىس ئۇلۇغ مۆجىزە بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىمىزنىڭ ئومۇمىي مىقدارى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىمىز ۋە ئومۇميۈزلۈك دۆلەت كۈچىمىز كۆرۈنەرلىك ئاشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى ئورنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، دۇنيانىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىغىمۇ تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ. ئىككىنچىدىن، گەرچە ئۇ چاغقا بارغاندا مەملىكىتىمىزنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت بولغانلىقتىن، بايلىق ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قالمايدۇ، دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئاز كەم تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتتە نامراتلىق ھالىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىپ، خەلقنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا بىر قەدەر باياشات بولغان ھاللىق تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن ناھايىتى زور تۆھپە. ئۈچىنچىدىن، ھازىر دۇنيا سىياسىي ۋەزىيەت توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان، ئىقتىسادىي رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولۇۋاتقان، جەنۇب-شىمالنىڭ ئىقتىسادىي پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقان ھالەتتە تۇرماقتا، بىزنىڭ مۇشۇنداق خەلقئارا ۋەزىيەتتە «پروگرامما»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇلۇغۋار ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز بىلەن، ”دۇنيا ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن ئۈچىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىگە بىر يول ئېچىلىدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە سوتسىيالىزم يولىنىڭ مۇقەررەر يول ئىكەنلىكى، سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزمدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.“ («دېڭ

شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 462-بەت)

# ئۇلۇغۋار نىشاننى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ

كەلگۈسى 15 يىللىق كۈرەش نىشانىمىز ئۇلۇغۋار نىشان، دۇچ كېلىدىغان ۋەزىپىمىزمۇ جاپالىق. ئۇنداقتا بىز بۇ ئۇلۇغۋار نىشاننى غەلىبىلىك ھالدا ئىشقا ئاشۇرالامدۇق-يوق؟ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تۈرلۈك ئامىللار ۋە شەرت-شارائىتلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئىشقا ئاشۇرالايمىز دەپ جاۋاب بېرەلەيمىز.

ئەسىر ئالمىشىدىغان پەيتتىكى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەت ۋە نۇرغۇن پايدىلىق شەرت-شارائىتلارغا ئىگە.

**بىرىنچىدىن، ماددىي تېخنىكىلىق ئاساسىمىز بىر قەدەر پۇختا.** دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى نەچچە ئون يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن ئىقتىسادىمىزنىڭ داۋاملىق تۇردە تېز تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشتى. 1979-يىلدىن 1995-يىلغىچە بولغان 17 يىلدا دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 9.8 پىرسەنتتىن ئېشىپ، 1995-يىلى 5 تىرليون 770 مىليارد يۈەنگە يەتتى. پەقەت 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىلا چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تۈرلەردىن 900 گە يېقىن قۇرۇلدى. ئاساسلىق سانائەت-بېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى زور ھەجىمدە ئېشىپ، كۆمۈر، سېمونت، پاختا رەخت، تېلېۋىزور، ئاشلىق، گۆش، پاختا قاتارلىقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى، پولات، توك، خىمىيىۋى ئوغۇت، خىمىيىلىك تالا قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارىمۇ دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. قاتناش، ئالاقە، ئېنېرگىيە ۋە مۇھىم خام ئەشيا-ماتېرىيال قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە ئاساسىي سانائەت خېلى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ كۆلىمى خېلى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇپ، بەزى تايانچ كەسىپلەرمۇ تېز سۈرئەتتە ئۆسۈپ يېتىلمەكتە، پەن-تېخنىكا، مائارىپ ئىشلىرىدا زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، پەقەت 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىلا قولغا كەلتۈرۈلگەن مەملىكەت دەرىجىلىك پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن 125 مىڭ تۈر بولۇپ، بىر تۈركۈم يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇسكۈنىلەر تەتقىق قىلىپ ئىشلەندى، 3 مىليون 230 مىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى يېتىشتۈرۈلدى. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ يۈرۈش قىلىشىمىزدىكى مۇھىم ماددىي تېخنىكىلىق شەرت-شارائىت-

لاردۇر.

**ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا غايەت زور يوشۇرۇن كۈچ ساقلانماقتا.** مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ۋە كۆلىمى چوڭ، يەنە كېلىپ سانائەتلىشىشى پىشىپ يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، كەڭ كۆلەملىك سانائەتلەشتۈرۈش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى غايەت زور مەبلەغ سېلىش ئېھتىياجىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى پەيدىنپەي ئېشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستېمال تەلىپى ئۈزلۈكسىز چوڭىيىدۇ. دېمەك، كەلگۈسىدە ئىچكى بازارنىڭ تەلىپى زور بولۇپ، مۇقەررەر ھالدا ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ يېرى كەڭ، گەرچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان بايلىق مىقدارى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن خېلى كۆپ بايلىق تۈرلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ، بۇ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم شەرت-شارائىتتۇر. ئىقتىساد تېز ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان مەزگىلدە مەبلەغنىڭ كەمچىل بولۇشى ئاساسلىق قىيىنچىلىق ھېسابلىنىدۇ. لېكىن مەملىكىتىمىز خەلقىنىڭ ئامانەت قويۇشتىن ئىبارەت ياخشى ئادىتى بار، 1978-يىلدىن بۇيان، ئامانەت قويۇش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 36 پىرسەنتتىن ئاشتى. نۆۋەتتە شەھەر-يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئامانەت قويۇش سوممىسى 3 تىرليونغا يېقىن بولۇۋاتىدۇ. يۇقىرى ئامانەت نىسبىتى دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن مەبلەغ جۇغلاشنىڭ مۇھىم مەنبەسى. مەملىكىتىمىزنىڭ نۇرغۇن مۇھاجىرلىرىمۇ بار، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نۆۋەتتە دۇنيا ئەللىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ كەڭ ئىستىقبالىغا كۆزى يېتىۋاتىدۇ، تاشقى سودىگەرلەر ئارقا-ئارقىدىن دۆلىتىمىزگە كېلىپ مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ. بىز مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ساقلاشقا دىققەت قىلساق ۋە ئۈزلۈكسىز ياخشىلىساقلا، تېخىمۇ كۆپ چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلالايمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى تېپىلغۇسىز پۇرسەت ۋە ياخشى تەرەققىيات شەرت-شارائىتىدۇر.

**ئۈچىنچىدىن، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.** مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلغان ئىسلاھاتتا زور بۆسۈشلەر ھاسىل بولدى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ھالەت شەكىللەندى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ بازارلىشىش، ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئىقتىسادنىڭ ھاياتىي كۈچى زور دەرىجىدە ئاشتى، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسى پەيدىنپەي ياخشىلاندى. ئىسلاھاتنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى كۈچلۈك ھەرىكەتلەن-

www.uyghurkitap.com

دۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىنلىدى ھەم مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش ئۈچۈنمۇ ئاساس سالدى. سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئومۇمىي ئەندىزىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ، تاشقى سودىنىڭ كۆلىمى خېلى زورايدى، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىكى مۇقەررەر يولى، بۇ چوڭ فاكتىن كىشىلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورۇنلىشىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىدە ئورتاق تونۇش شەكىللەندى. پەقەت پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن بەلگىلىگەن پىلان ۋە تەدبىرلەرنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرسەكلا، ئىقتىسادنىڭ داۋاملىق، تېز تەرەققىي قىلىشىنى جەزمەن يېڭى زور ھاياتىي كۈچ بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ.

**تۆتىنچىدىن، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەۋزەل سىياسىي، ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئىگە.** 17 يىللىق پائال ئىزدىنىش ۋە جاپالىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق، بىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدا غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، ئەمەلىيەت داۋامىدا مول قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلاپ، مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇلۇشىنى باسقۇچلۇق ئىشقا ئاشۇرۇشىنىڭ بىر يۈرۈش لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى شەكىللەندۈردۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى تاپتۇق. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي فاڭجېنلىرى بىزنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلدى، شۇنداقلا بىزنىڭ بۇندىن كېيىن داۋاملىق ئىلگىرىلىشىمىز ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىپ، ئاساسىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى. مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسىتى مۇقىم، مىللەتلىرى ئىتتىپاق، جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدەك ياخشى ۋەزىيىتى ئۇزاققىچە داۋاملىشىدۇ، بۇ بىزنىڭ كەلگۈسى دەۋردىكى ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزدىكى ئەۋزەل سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتتىن ئىبارەت.

**بەشىنچىدىن، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، خەلقئارا ۋەزىيەت بىزگە پايدىلىق.** تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ھازىرقى دەۋردىكى ئاساسلىق مەسىلە. دۇنيا كۆپ قۇتۇپلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، خەلقئارا ۋەزىيەت ئومۇمىي جەھەتتىن پەسىيىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ، تىنچ خەلقئارا مۇھىت ۋە ياخشى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى داۋاملىق ساقلىنىپ قالىدۇ، بۇ ھال مەملىكىتىمىزنىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. دۇنيا پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ

قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى، ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونى ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى بىزنى يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئەلۋەتتە، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىدا بەزى پايدىسىز ئامىللار ۋە قىيىنچىلىقلارمۇ بار. گەۋدىلىكلىرى مۇنۇلار: نوپۇس ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۈكى ئېغىر، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى تۆۋەن، كەسىپ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس، ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىپ بېرىشى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئالمىشىشى جەريانىدا پۇل پاخاللىشىش بېسىمى چوڭ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋەزىپىسى مۇشەققەتلىك. كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ بېرىۋاتقان خەلقئارالىق ئىقتىسادىي رىقابەت ۋە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى مۇسابىقىسىدە، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە پەن-تېخنىكا جەھەتتە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرايمىز، خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى زومىگەرلىك بىلەن زوراۋانلىق سىياسىتىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرايمىز. بۇنىڭغا قارىتا بىزدە تولۇق تەييارلىق بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىقىلارنى يىغىپ مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىلدە دۇچ كېلىدىغان ۋەزىيەت ۋە شەرت-شارائىتنى ھەر تەرەپلىمە تەھلىل قىلغىنىمىزدا، مۇنداق دەپ كېسىپ ئېيتالايمىزكى، پۇرسەت مۇسابىقىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، ئۈمىد قىيىنچىلىقتىن ئېشىپ چۈشىدۇ، پايدىلىق شەرت-شارائىت پايدىسىز شەرت-شارائىتتىن ئېشىپ چۈشىدۇ. پەقەت تارىخىي پۇرسەتنى مەھكەم تۇتۇپ، توپلانغان تەجرىبىلەرنى توغرا تەتبىقلاپ، بارلىق پايدىلىق شەرت-شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك پايدىسىز ئامىللارنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىلگىرىلەش يولىدىكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەققىي ئوبدان ھەل قىلساقلا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى چوقۇم ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، بۇندىن كېيىنكى 15 يىللىق ئۇلۇغۋار نىشاننى تولۇق ئىشقا ئاشۇرالايمىز. كەلگۈسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، مۇقەررەر غەلىبە قىلىمىز دەپ ئىشەنچكە تولۇپ تاشىمىز.

## بىرقانچە تۈرلۈك ئاساسىي خىزمەتنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ياخشى تۇتۇش لازىم

بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى تۈپ بۇرۇلۇشنى ياخشى تۇتۇشتا: بىرىنچى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە ئەنئەنىۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە قاراپ بۇرۇلۇش ياساش؛ ئىككىنچى، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتە يىرىك باشقۇرۇشتىن توجۇپىلەپ باشقۇرۇشقا قاراپ بۇرۇلۇش ياساش. «پروگرامما»دا بۇ نۇقتىغا يۈكسەك ئېتىبار بېرىلدى ھەم ئېنىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، تۆۋەندىكى ئاساسلىق خىزمەتلەرنى زور كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇش لازىم.

**(1) كەسىپ قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش كېرەك.** كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە سەرخىللاشتۇرۇلۇشى دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىدىكى بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن، شۇنىڭدەك خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي نىشانى ۋە تەلىپى: بىرىنچى كەسىپ يەنى يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، ئىككىنچى كەسىپ يەنى سانائەت ۋە بىناكارلىق كەسپىنى تەڭشەش ۋە ئۆستۈرۈش، ئۈچىنچى كەسىپنى پائال راۋاجلاندۇرۇش. يېزا ئىگىلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈش كېرەك. بۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق ئىگىلىك تەرەققىياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەم ئەڭ قىيىن ۋەزىپە. يېزا ئىگىلىكىنى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىدا بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئاشلىق، پاختا قاتارلىق ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش دۆلىتىمىزدە ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاشلىقنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «پروگرامما»دا بەزى مۇھىم تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ مۇنۇلاردىن ئىبارەت: تېرىلغۇ يەرنى ئاسراش، دېھقانچىلىققا باب كېلىدىغان بوز يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش؛ يېزا ئىگىلىك ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش؛ يېزا ئىگىلىكىنى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئوتتۇراھال ۋە تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىش؛ پەن-مائارىپ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشنى كۈچەيتىش؛ يېزا ئىگىلىككە خىزمەت قىلىدىغان سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش؛ يېزا ئىگىلىككە سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق كۆپەيتىش. تېخىمۇ مۇھىمى، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان ئاساسىي سىياسىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر جاينىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ۋە بېلىقچىلىق ئىشلىرىنى، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە ئاساسىي سانائەتنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، تايانچ كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈش لازىم. ئاساسىي كەسىپ بىلەن تايانچ كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش —بۇنىڭدىن

كېيىنكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە. بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلدا، سۇ قۇرۇلۇشى، ئېنېرگىيە، قاتناش، ئالاقە قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە ئاساسىي سانائەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتە تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش لازىم. ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە ئاساسىي سانائەت قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆپ، پۈتۈش ۋاقتى ئۇزاق، مەبلەغنى قايتۇرۇۋېلىش ئاستا بولغاچقا، بىر تۇتاش پىلانلاپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئادەتتىكىلىرىگە ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سۈپىتى ياخشى، ئۈنۈمى ياخشى بولغان بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تاياناچ قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىش، قارىغۇلارچە تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە قۇرۇلۇشلارنى تەكرار ئېلىپ بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، نېفىت-خىمىيە، ماشىنا ۋە بىناكارلىق كەسىپلىرى باغلىنىشچانلىقى يۇقىرى، تېخنىكا سەۋىيىسى يۇقىرى، كىرىمىنىڭ ئىلاستىكىلىقى يۇقىرى كەسىپلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكەندە، ئىقتىسادىي، تېخنىكا سەۋىيىسىنى ۋە ئىگىلىكنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئىگىلىكنىڭ ئېشىشىنى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇشنى يېتەكلەشكە پايدىلىق بولىدۇ، شۇڭا، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارنى تېزدىن كۈچلۈك تايانچ كەسىپلەرگە ئايلاندۇرۇش لازىم. نۆۋەتتە، ئېلىمىز ئۈچىنچى كەسىپىنىڭ ئاشقان قىممىتىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭكىدىن تۆۋەن بولۇپلا قالماي، بەزى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭكىدىنمۇ تۆۋەن. سانائەتلىشىش، شەھەرلىشىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۈچىنچى كەسىپنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ئۈچىنچى كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشمۇ بىرىنچى، ئىككىنچى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئاساس قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۈچىنچى كەسىپنى سىياسەت ئارقىلىق يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئىچكى-تاشقى تەجرىبە-ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، ”كۆپۈك ئىگىلىك“نىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىش لازىم.

**(2) دۆلەتنى پەن-مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇش كېرەك.** پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا پەن-تېخنىكىغا تايىنىش لازىم. پەن-تېخنىكا خىزمىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلىنىشى لازىم. خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا جىددىي ھەل قىلىش زۆرۈر بولۇۋاتقان ھالقىلىق تېخنىكىلارنى ئۆزلەشتۈرۈشنى ئاساسلىق ۋەزىپە قاتارىدا تۇتۇپ، ئىلغار، يارامىلىق پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىش لازىم. ئىلغار پەن-تېخنىكىلارنى كەڭ قوللىنىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. ئاساس خاراكتېرلىك پەن تەتقىقاتىنى ۋە پەن تەتقىقات ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم.

پەن-تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن تەتقىقاتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە بازارنىڭ ئورگانىك ھالدا بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئىگىلىك ۋە پەن-تېخنىكىنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئاساس مائارىپتا. مائارىپ خىزمىتى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، ھەرقايسى ساھەدە سۈپىتى يۇقىرى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش لازىم. مائارىپ قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش، مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنى نۇقتىلىق تۇتۇش، ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، كۆپ شەكىللىك، كۆپ قاتلاملىق كەسپىي تېخنىكا مائارىپنى پائال راۋاجلاندۇرۇش، ئالىي مائارىپنى مۇۋاپىق راۋاجلاندۇرۇش، مائارىپ سۈپىتى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، پىلانلىق ھالدا بىر تۈركۈم نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ ۋە نۇقتىلىق پەنلەرنى ياخشى باشقۇرۇش لازىم. مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مەكتەپ باشقۇرۇش مېخانىزمى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش لازىم.

**(3) رايونلار ئىگىلىكىنىڭ تەڭگەش راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.** نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ رايونلار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسىي مەسىلىلەر ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، ئومۇمىي ئىگىلىكنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى جەريانىدا، رايونلار ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭىيىپ كەتتى. ئىككىنچى، رايونلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى بىر خىل، تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئېغىر بولۇپ، رايونلار ئىگىلىكىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئالاھىدىلىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمايۋاتىدۇ. مانا بۇلار دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ماكان ئورۇنلاشتۇرۇلمىسىنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى. 9-بەش يىللىق پىلاندىن باشلاپ، رايونلارنىڭ تەرەققىيات پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىش قەدىمىنى ئاستىلىتىشقا پايدىلىق بولغان سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ ۋە خىزمەتنى كۈچەيتىپ، پەرقنى كىچىكلىتىش تەرەپكە قاراپ پائال تىرىشىش لازىم. دۆلەت مەركەز مالىيىسىدىن يۆتكەپ تۆلەش، بايلىقنى ئېچىش تۈرلىرى ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئالدى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆزىمىزنىڭ مەبلەغ سالغۇچىلىرى ۋە چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارغا مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، بايلىق مەنبەسى خاراكتېرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ باھا سىستېمىسىنى ئىزىغا چۈشۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، تەرەققىي قىلمىغان ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا، مىللىي رايونلارنىڭ، نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشىغا ۋە ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئىقتىسادنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ھەم جۇغراپىيىلىك تەبىئىي ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، مەمۇرىي رايون چېگرىسىنى بۇزۇپ، ھازىرقى بار بولغان ئىقتىسادىي ئورۇنلاشتۇرۇلما ئاساسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، تۆلكە (رايون، شەھەر)دىن ھالقىغان ئىقتىسادىي رايون ۋە نۇقتىلىق كەسپىي

رايونلارنى شەكىللەندۈردى. بۇلار: شاڭخەينى باشلامچى قىلىپ چاڭجياڭ دېلتىسى رايونى ھەم دەريا ياقىسىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىقتىسادىي بەلباغ، جۇجياڭ دېلتىسى رايونى ۋە شەرقىي-جەنۇبىي فۇجيەن رايونىنى ئاساس قىلغان شەرقىي-جەنۇبىي دېڭىز ياقىسى ئىقتىسادىي چەمبىرىكى، لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلى، شەندۇڭ يېرىم ئارىلى، بېيجىڭ، تيەنجىن، خېبېينى ئاساس قىلغان بوخەي ئەتراپى ئىقتىسادىي چەمبىرىكى، ياۋروپا-ئاسىيا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ۋە بېيجىڭ-جيۇلۇڭ تۆمۈريولىنىڭ غول لىنىيىسىنى رىشتە قىلغان ئىقتىسادىي بەلباغ قاتارلىقلار.

**(4) ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يەنىمۇ كېڭەيتىش لازىم.** ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەم كەلگۈسى 15 يىللىق ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە، ھەم كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى. ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھاتى تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، بىراق، ئىسلاھاتنىڭ ۋەزىپىسى يەنىلا ئىنتايىن مۇشكۈل، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن داۋاملىق ئېلىپ بېرىش لازىم. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى نىشان قىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، "مۈلۈك ھوقۇقى ئېنىق بولۇش، ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەت روشەن بولۇش، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىش، باشقۇرۇش ئىلمىي بولۇش" دېگەن تەلەپنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى بىلەن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى ئېغىشماستىن بىرلەشتۈرۈش لازىم. پۈتكۈل دۆلەت ئىگىلىكىنى ياخشىلاشنى كۆزدە تۇتۇپ، ھېساباتتىكى مەبلەغ ئوبوروتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق، دۆلەت كارخانىلىرىغا قارىتا ستراتېگىيىلىك قايتا تەشكىللەشنى يولغا قويۇپ، چوڭلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش، كىچىكلىرىنى جانلاندۇرۇش لازىم. دۆلەت يېقىن ئارىدا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بىر تۈركۈم چوڭ تىپتىكى كارخانا ۋە كارخانا گۇرۇھلىرىنى تۇتۇپ ياخشى يولغا قويۇشى لازىم. بۇ كارخانىلار ياخشى باشقۇرۇلسا، چوڭلىرى تۇتۇلغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلارنى يەنىمۇ قويۇۋېتىپ ۋە جانلاندۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا قاراپ، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، بىرلەشتۈرۈش، قوشۇۋېتىش، ھەسسىدارلىق ئاساسىدىكى ھەمكارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئىجارىگە بېرىش، ئىجارىگە ئېلىپ تىجارەت قىلىش ۋە سېتىۋېتىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. مەسئۇلىيەت بىلەن ھوقۇق روشەن بولغان دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش ۋە يۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئورنىتىش

www.uyghurkitap.com

لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش، مۇھىمى، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايرىش پرىنسىپى بويىچە، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش لازىم. پائال شارائىت يارىتىپ، كارخانىلارنىڭ قەرزى زىيادە چوڭ بولۇش ۋە تارىخىي يۈكى ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىر بولۇپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا ئىسلاھاتلارنىمۇ پائال ياخشى يولغا قويۇش لازىم. بازار سىستېمىسى قۇرۇلۇشى جەھەتتە، بىرىنچىدىن، ئومۇمىي تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تاۋار بازارلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زامانىۋى ئومۇمىي تەشكىلىي شەكلىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىنى پائال يېتىشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش؛ ئۈچىنچىدىن، بازارنىڭ قائىدە-تەرتىپلىرىنى بىكىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، بازار ئۈستىدىكى نازارەت ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، بازار ۋاستىچىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى جەھەتتە، ئىجتىمائىي تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، دەسلەپكى تەقسىمات بىلەن تەكرار تەقسىمات مېخانىزمىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن، تەقسىمات سىياسىتى قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش لازىم. ياشىنىش، ئىشسىز قېلىش ۋە داۋالىنىش سىتراخوۋانىيە تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى قەدەممۇقەدەم شەكىللەندۈرۈش لازىم. ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، پىلان، پۇل مۇئامىلىسى ۋە مالىيە ئۆزئارا ماسلىشىدىغان ۋە ئۆزئارا چەكلەيدىغان، ئومۇمىي ئىقتىسادىي سىياسەتنى ماسلاشتۇرىدىغان ۋە ئىقتىسادىي پىشاڭدىن توغرا پايدىلىنىدىغان مېخانىزمنى ئورنىتىش؛ پىلان، مالىيە-باج، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم.

سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن يولغا قويۇپ، سىرتقا يۈزلىنىدىغان ئىگىلىكنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش لازىم. سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ۋە خەلقئارادا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان پرىنسىپقا لايىقلىشىش ئۈچۈن، بىرلىككە كەلگەن ۋە قېلىپلاشقان تاشقى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىش لازىم. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار، دېڭىز بويىدىكى ئوچۇق شەھەرلەر ۋە ئوچۇق رايونلار يۇقىرى سەۋىيىدىكى خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە رىقابەتكە پائال قاتنىشىپ، ئۈلگە كۆرسىتىش،

تەسىر كۆرسىتىش ۋە يېتەكلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە سودىدا سۈپەتكە تايىنىپ غەلىبە قىلىش ستراتېگىيىسى ۋە بازارنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. چەت ئەل مەبلىغىدىن داۋاملىق پائال، مۇۋاپىق ھالدا ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش لازىم. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا بارا-بارا ئۆز كارخانىلىرىمىزغا قىلىنغان مۇئامىلە بويىچە مۇئامىلە قىلىش لازىم.

**(5) جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئالغا سىلجىتىش كېرەك.**

بۇ — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرگەندىن كېيىنكى مۇقەررەر تەلىپى. بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي تەلىپى جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، جەمئىيەتنى ئالغا سىلجىتىش، جەمئىيەتنىڭ ئادىل، بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك، ساغلام بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش. ئاساسلىق ۋەزىپە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش، تۇرمۇشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كېڭەيتىش، ئىجتىمائىي كاپالەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مۇھىتنى ئاسراشنى كۈچەيتىش. بىز بۇ تەلەپ ۋە ۋەزىپىلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئەتراپلىق چۈشىنىشىمىز ۋە توغرا ئىگەللىشىمىز لازىم. ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرغان ئاساستا، شەھەر-يېزا خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىستېمال مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز موللاشتۇرۇپ، ئىستېمال قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، ئۆي ۋە قاتناش مەسىلىسىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ھەل قىلىپ، مۇلازىمەت خاراكتېرلىك ئىستېمالنى كېڭەيتىپ، تۇرمۇش سۈپىتىنى بىر قەدەر زور دەرىجىدە ياخشىلاش لازىم. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، 2000-يىلى پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ نوپۇسىنى 1 مىليارد 300 مىليوندىن ئاشمايدىغان، 2010-يىلى 1 مىليارد 400 مىليوندىن ئاشمايدىغان قىلىپ تىزگىنلەش لازىم. ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى پائال ئېچىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كېڭەيتىش لازىم. شەھەر-يېزىلاردىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئويلىنىپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، تىرىشىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى بېسىمنى پەسەيتىش لازىم. داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، بايلىقنى تېجەش، مۇھىت ئاسراشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن بايلىق، مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىقنى ۋە ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مۇھىت، ئېكولوگىيە ۋە بايلىقنى ئاسراشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالنى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەشنى قولغا كەلتۈرۈپ، بىر قىسىم شەھەر ۋە رايونلارنىڭ مۇھىت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم؛ 2010-يىلى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ يامانلىشىپ كېتىش ئەھۋالنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىپ،

شەھەر-يېزا مۇھىتىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاش لازىم. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈش لازىم. ماددىي مەدەنىيەتنىمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتنىمۇ ياخشى يولغا قويغاندىلا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇپ چىققان بولىمىز. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەلپىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈش لازىم. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىش لازىم. قانۇن تۈرغۇزۇش، ئەدلىيە، قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر جەھەتتىن ئوڭشاشنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش لازىم.

**(ئاپتۇر: مەركىزىي مالىيە-ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى قوشۇمچە ئىشخانا مۇدىرى، دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت**
**خۇدابەردى خېلىل**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# مەنۋى مەدەنىيەتنى بەدەل سۆپىتىدە قۇربان قىلۋېتىشكە بولمايدۇ

**جاڭ شياۋلىن**

ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سوتسىيالىستىك مەنۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئورنى ۋە رولى بارغانسېرى گەۋدىلىك بولماقتا. مەنۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەنۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئۆزئارا ئالغا سىلجىتىدىغان، تەڭكەش تەرەققىي قىلدىغان قىلىش كېرەك دېگەن قاراش كىشىلەرنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلانماقتا. بۇ جەھەتتە ئىشلەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەر بار، ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بەزى مۇجمەل ھەتتا خاتا قاراشلارمۇ بار، مەنۋى مەدەنىيەت بەدەل سۆپىتىدە قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئېرىشىش دەل بۇنىڭ مىسالىدۇر.

مەنۋى مەدەنىيەتنى بەدەل سۆپىتىدە قۇربان قىلۋېتىشنى ”بەدەل نەزەرىيىسى“ دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. شۇنداق دېيىش كېرەككى، ”بەدەل نەزەرىيىسى“ تەرەپدارلىرى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا پەيدا بولغان مەدەنىيەتكە، ئەخلاققا زىت بولغان پاسسىپ-لىق-چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى خېلى ئوچۇق ئېتىراپ قىلىدۇ، پەردازلىمايدۇ، باھانە كۆرسەتمەيدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ تۇتقان پوزىتسىيىسى خاتا، ئۇنىڭ خاتا يېرى مەنۋى مەدەنىيەتنى قۇربان قىلىشنى بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ شۇنداقلا ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ شەرتى، تۆلىمەي بولمايدىغان بەدەل قىلغان-لىقىدا. ھەرقانداق شەيئىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلىك بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشمۇ شۇنداق، پاسسىپلىق-چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن پۈتۈنلەي ساقلىنىمىز دېيىش، روشەنكى، رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ”سۇزۇك سۇدا بېلىق بولماس“ دېگەن گەپ بار، جەمئىيەت-نىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشىنى غايىۋىلاشتۇرۇپ ئۇنىڭغا پاك-پاكىز بولسۇن دەيدىغان نەزەردە قاراش ھەقىقىي ماتېرىيالىستىك پوزىتسىيە ئەمەس. ھالبۇكى، مەسىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىش مەسىلىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىنى، قانۇنغا ئۇيغۇنلۇقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئەمەس، بۇ ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدى-

www.uyghurkitap.com

غان ئىككى خىل ئىش. «بەدەل نەزەرىيىسى»نىڭ خاتالىقى دەل «مەۋجۇت نەرسە ئەقىلگە مۇۋاپىق نەرسە بولىدۇ» دەپ قاراپ، مەدەنىيەتكە، ئەخلاقىقا زىت پاسسىپ، چىرىك ھادىسىلەرنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلغانلىقىدا. بۇ ئەمەلىيەتتە رەزىل، پاسسىپلىق-چىرىكلىك ھادىسىلىرىگە «يېشىل چىراغ» ياندۇرۇپ بېرىپ، «يول خېتى» بېرىپ، ئۇنى «ئوچۇق-ئاشكارا» يامراتقۇزۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. نېمە ئۈچۈن بەزى رايون ۋە ئىدارىلەردە يوقىتىلغىنىغا ئۇزۇن بولغان قىمار ئويناش، نومۇسنى سېتىش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش قاتارلىق رەزىل ھادىسىلەر قايتا باش كۆتۈرۈپ قالىدۇ. پۇل ۋە راھەتكە بېرىلىدىغان پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك خېلى بازار تاپىدۇ. پالچىلىق، جادۇگەرلىك، بىدئەتچىلىك قاتارلىق فېئودال خۇراپىيلىق ھەممە كىشىنى يامان يولغا باشلايدىغان شەھۋانىي مەدەنىيەت تېز يامراپ كېتىدۇ. تېگىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولساق، قانۇن-تۈزۈمدە كاۋاك بارلىقىغا، باشقۇرۇشنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقىغا ئوخشاش سەۋەبلەر بولسىمۇ، ئەمما «بەدەل نەزەرىيىسى» كەلتۈرۈپ چىقارغان مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا سەل قاراش بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ناھايىتى ئېنىقكى، مەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇربان قىلىشقا بولىدۇ دېگەن ئاڭ بىلەن، پاسسىپلىق-چىرىكلىك ھادىسىلىرى مۇقەررەر يوسۇندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا سەل قارايدىغان سۆز-ھەرىكەتلەر جەزمەن ئەيىپلىنىشتىن قۇتۇلۇشقا سەۋەب تاپىدۇ-دە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ مۇقەررەر يوسۇندا ئىنتايىن زور بۇزغۇنچىلىققا ۋە زىيانغا ئۇچرايدۇ.

مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەدەل سۈپىتىدە قۇربان قىلىۋېتىشنىڭ خاتالىقى ئالدى بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات مەقسىتىدىن چەتلەپ كەتكەنلىكىدە. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى: ماددىي مەدەنىيەتنىمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتنىمۇ ياخشى يولغا قويساق، ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا خاس ئىش قىلغان بولىمىز. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ھەم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ھەم ئۇنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان گەۋدىلىك بەلگىلىرىنىڭ بىرى. بىز دەل مۇشۇ ئىدىيىنى چىقىش قىلغاچقا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى باشتىن ئاخىر تۈپ فاكتىن قىلىپ، ئۇنى تەرەققىيات ستراتېگىيىسى يۈكسەكلىكىگە قويۇپ، بۇ نۇقتىنى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشتىن تارتىپ كونكرېت سىياسەتلەرگىچە تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ كەلدۇق. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاساسلىق ۋەزىپە قىلىشتىن ھەرقانداق ئەھۋالدا تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. لېكىن بۇ پەن-مەدەنىيەت، ئىدىيە-ئەخلاق جەھەتتىكى قۇرۇلۇشقا سەل قاراشتىن ۋە ئۇنى يوق قىلىشتىن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا كىشىلەرنىڭ كىيىم-كېچەك، يۈرۈش-تۇرۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ماددىي ساھە بىلەنلا چەكلەپ قويۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلىنسا، ھەر تەرەپلىملىك،

بىر پۈتۈنلۈك مەنىسىدىكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشىنى چالا قىلىپ قويغانلىق ھەم
پارچىلىۋەتكەنلىك بولىدۇ. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى جەمئىيەتنىڭ
تەرەققىي قىلغانلىقىغا تەڭ ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ كەڭ
مەزمۇننى، جۈملىدىن سىياسىي دېموكراتىيە، پەن-مەدەنىيەت، ئىدىيە-ئەخلاق، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت
قاتارلىق كۆپ جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى ھەرگىزمۇ جەمئى-
يەت تەرەققىياتىنىڭ بىردىنبىر مەزمۇنى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولماستىن، ئەكسىچە سىياسىي،
مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىق كەڭ ساھەگە چېتىلىدۇ ھەمدە بۇ ساھەلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشى-
شىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، مۇقەررەر ھالدا تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىدۇ ھەم ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، چەكلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىقتىسادنىڭ
يۈكسىلىشى بىلەن ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش نۆۋەتتە كىشىلەرنىڭ
دىققىتىنى تارتىۋاتقان زور مەسىلە بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئېلىمىز سوتسىيالىستىك جەمئىيىتى يېرىم
مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتىن كېلىپ چىققان، ئىشلەپچىقىرىشى قالاق بولۇپ قالماستىن،
پەن-مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلمىغان، كونا ئاڭ، كونا ئۆرپ-ئادەتلەر چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئېكسپىلاتاتسىيە
قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىدىيىسى جەمئىيەتتە يەنىلا ساقلانماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋەتكەن-
دىن كېيىن غەربنىڭ چىرىك ئىدىيىۋى قاراشلىرى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى بىزگە ھۇجۇم قىلىپ تۇردى،
بۇ ھال بىزنىڭ غەرب جەمئىيىتىدە ئومۇميۈزلۈك تارقالغان زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، نومۇسنى سېتىش،
زوراۋانلىق قىلىش، روھىي تېڭىرقاش قاتارلىق ”ئىجتىمائىي كېسەللەر“دىن ساقلىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى
ئېلىشىمىز ئۈچۈن، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز-
نىڭ تېخىمۇ زۆرۈرلۈكىنى بەلگىلەپ بەردى. بۇ جەھەتتە يولداش دېڭ شياۋپىڭ ناھايىتى كەسكىن قىلىپ
مۇنداق دېگەنىدى: ”مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلمىسە، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ بۇزغۇن-
چىلىققا ئۇچرايدۇ، ئەگرى يولغا كىرىپ قالىدۇ.“ ”ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خېلى نەتىجىلىك تۇتۇلدى، ۋەزىيەت
كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، بۇ—دۆلىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى. لېكىن كەيپىيات يامانلىشىپ كېتىۋەرسە، ئىقتىسا-
دىي جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقنىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالىدۇ؟ بۇنداقتا باشقا بىر تەرەپتىن ئاينىش يۈز
بېرىدۇ-دە، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە پۈتكۈل ئىقتىسادقا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىمۇ ئاينىش پەيدا قىلىدۇ، بۇ
ھال ئەۋج ئېلىپ كېتىۋەرسە، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، پارىخورلۇق ئەدەپ كەتكەن بىر زېمىن
شەكىللىنىدۇ.“ يۇقىرىقىلاردىن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن چەتلەش ۋە ئۇنى تاشلاپ قويۇشنىڭ
ئۆزى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات يولىدىن چەتلەش ۋە ئۇنى تاشلاپ قويۇش
ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالمىقىمىز تەس ئەمەس. مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەدەل سۈپىتىدە قۇربان قىلىش، تۆلەيدىغ-

ىمىز مەنىۋى مەدەنىيەتلا بولۇپ قالماستىن، پۈتكۈل جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشىنىمۇ نابۇت قىلىۋېتىمىز. بىز بۇ خىل ئەھۋالنى كۆرۈشنى قەتئىي خالىمايمىز، پەيدا بولۇشىغىمۇ قەتئىي يول قويمايمىز.

مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەدەل سۈپىتىدە قۇربان قىلىۋېتىشنىڭ خاتالىقى يەنە ماددىي مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى ئايرىۋېتىپ، ئىدېئالىزملىق مېتافىزىكا پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى نادانلىق ۋە ياۋايىلىقتىن مەدەنىيلىك ۋە تەرەققىياتقا، قالاقلىقتىن ئىلغارلىققا، ئەنئەنىۋى ھالەتتىن زامانىۋىلىششقا قاراپ يۈزلەندى، تارىختىكى بۇنداق ئالمىشىش ۋە ئىلگىرىلەش ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى باشتىن ئاخىر ئۆزئارا بېقىنىش، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت دىئالېكتىك مۇناسىۋەتتە تۇرىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ، مۇقەررەر ھالدا ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى قىلىدۇ؛ ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ ئوخشاشلا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۆزىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇقەررەر ھالدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ۋە ئەقلىي جەھەتتىكى ياردەمگە ئېرىشىدۇ. ماركس 18-ئەسىردىكى مېخانىك ماتېرىيالىزمنى تەنقىد قىلغان ۋاقتىدا مۇنداق دېگەنىدى: "ئادەم — مۇھىت ۋە تەربىيىنىڭ مەھسۇلى، شۇڭلاشقا ئۆزگەرگەن ئادەم باشقا بىر خىل مۇھىت ۋە ئۆزگەرگەن تەربىيىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىلىدىغان بىر خىل ماتېرىيالىزملىق تەلىمات بار، بۇ خىل تەلىماتتا مۇھىتنى ئادەم ئۆزگەرتىدىغانلىقى ئەستىن چىقىرىپ قويۇلغان" («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە يېڭى نەشرى، 1-توم، 59-بەت). روشەنكى، ماركس تەكىتلىگەن ئادەمنىڭ پائالىيەتچانلىق رولى ئادەمنىڭ روھىي جەھەتتىكى پائالىيەتچانلىق رولىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. كىشىلەر تارىختا ھەر بىر قېتىملىق زور پەن-تېخنىكا كەشپىياتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ كېڭەيتىلىشىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدا زور ئۆزگىرىشنىڭ پەيدا بولۇشىغا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈچقاپدەك ئىلگىرىلىشىگە سەۋەبچى بولغانلىقىنى، ھەتتا ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا دەۋر بۆلگۈچ ئىلگىرىلەشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكىنى ھەرگىز ئەستىن چىقارمايدۇ. تۆمۈر ئېرىتىش تېخنىكىسىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى بىلەن، تۆمۈر قوراللار تاش قوراللارنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، قۇللۇق جەمئىيىتىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولدى. پار ماشىنىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى بىلەن، يىرىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، فېئوداللىق جەمئىيەتنى كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە ئېلىپ كىردى. ھازىر ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش يولىدا باسقان قەدىمى يەر شارىدىن سىرت ھاۋا بوشلۇقىغا ۋە قۇرۇقلۇقتىن سىرت دېڭىز-ئوك-

يانلارغا يەتتى، لېكىن كىشىلەرنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىدە يىراق قەدىمكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھېچقانچە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولمىدى، ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى مۆجىزىلەر ئاساسلىقى پەن، مەدەنىيەت، مائارىپنىڭ كىشىلەرگە ئاتا قىلغان زېھىن-پاراستى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. ھازىرقى دۇنيادا، پەن-تېخنىكا بارغانسېرى جەمئىيەتنى ئالغا سىلجىتىدىغان ئىنقىلابىي كۈچ، بىر دۆلەتنىڭ ئۇنۇۋېرسال دۆلەت كۈچىنى بەلگىلەيدىغان ھالقىلىق ئامىل، "بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى" بولۇپ قالماقتا. ئىدىيە-ئەخلاق ئامىلىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئوخشاشلا غايەت زور تۈرتكىلىك رولى بارلىقىنىمۇ كىشىلەر ئەستىن چىقىرىپ قويغىنى يوق. فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئورنىنى ئالغان كاپىتالىزم "ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بارلىق دەۋرلەردە يارىتىلغان پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدىنمۇ چوڭ بولغانلىق" تارىخىنى ئەينى ۋاقىتتا دىنىي ئىلاھىي ھاكىمىيەت ۋە فېئودال ئىدىيىنىڭ تەنقىد قىلىنغانلىقى، پەن بىلىملىرىنىڭ ئورنىنىڭ ئۈستۈرۈلگەنلىكى، ئىدىيە-ئەخلاق تەرەققىياتىنىڭ ئالغا سىلجىتىلغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ھازىر قىلچە ئىككىلەنمەستىن بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا تۇتۇش قىلىشىمىز ئىدىيە ساھەسىدىكى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا ئورنىشىۋالغان "سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش" دەيدىغان "سول"چىل قاراشنى سۈپۈرۈپ تاشلىغانلىقىمىزدىن بولدى؛ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇشىمىز دۆلەتنى بېكىنمە ھالەتتە تۇتۇش، ھالىغا باقماي ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتەك كونا ئاڭنى بۇزۇپ تاشلىغانلىقىمىزدىن بولدى؛ ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ياكى يېرىم تەمىنلەيدىغان ئەنئەنىۋى قالاق ناتۇرال ئىگىلىكتىن زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشىمىز بازار ئىگىلىكىگە بولغان ھەر خىل بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى بۇزۇپ تاشلىغانلىقىمىزدىن ھەمدە تەقدىردىن كۆرىدىغان، پېقىرلىققا شۈكۈر قىلىپ مۆمىن بولۇپ ياشايدىغان، ھورۇن ھەم چېچىلاڭغۇ بولغان دېھقانچىلىق ئېڭىنى چۆرۈپ تاشلىغانلىقىمىزدىن بولدى. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشى تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى. پايدىغىلا ئىنتىلىشتىن پەيدا بولغان يالغان، ناچار مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش قىلمىشى بازار ئىگىلىكىنىڭ نورمال تەرتىپى ۋە ئادىل رىقابەتلىشىش شارائىتىغا ئېغىر دەرىجىدە دەخلى-تەرۇز قىلماقتا، قىمار ئويناش، خۇراپىيلىق، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىش، توي-تۆكۈن ۋە نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى كاتتا ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ھەرىكەتلەر نۇرغۇنلىغان ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچنى يۇتۇپ كەتمەكتە، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ سودا قىلىش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش، ھوقۇق-پۇل سودىسى قىلىش ھادىسىلىرىمۇ بازار مېخانىزمىنىڭ بايلىقنى خىللاپ بىرىكتۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىن چەتلەيدىكەنمىز، بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشىمىز مۇقەررەر تەسكە توختايدۇ، ھەر قەدەمدە قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ تۇرىمىز.

يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ھەر بىر قەدەم تەرەققىياتى پەن-مەدەنىيەت، ئىدىيە-ئەخلاقنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا مەنىۋى مەدەنىيەت ئاملى سىڭمەي قالمايدۇ دېيىشكە بولىدۇ. ناۋادا مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەدەل قىلىپ قۇربان قىلىۋەتسەك، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتىن ۋە ئەقلىي ياردەمدىن ئايرىلىپ قالىدۇ-دە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىمۇ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەدەل سۈپىتىدە قۇربان قىلىش خەلقى ئالەمنى ئالداپ، دۆلەتنىڭ ئىشىغا دەخلى قىلىش، خالاس. مەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ ھەقىقىي تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەدەل سۈپىتىدە قۇربان قىلىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ھەممىشە غەربنىڭ كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتى تارىخىنى ئۆز كۆزقارىشىنىڭ تۈۋرۈكى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق كۆزقاراش پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. دەرۋەقە، كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە مىسلىسىز ئازادلىق ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىيە-ئەخلاق ساھەسىدە مەدەنىيەتكە، ئەخلاققا زىت نۇرغۇنلىغان ۋەھشىيانە، نادان، خۇنۇك ھادىسىلەرنىمۇ پەيدا قىلدى. ماركسىزم كلاسسىكلىرى بۇنداق ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "ماشىنا ئىنسانلار-نىڭ ئەمگىكىنى يەڭگىللىتىدىغان ۋە ئەمگەكنى ئېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە بولسىمۇ، ئاچارچىلىق ۋە ھەددىدىن ئارتۇق ھېرىپ-چارچاشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بايلىقنىڭ يېڭى مەنبەسى بىر خىل غەلىتە، ئەقىل يەتمەيدىغان سېھرىي كۈچ تۈپەيلىدىن نامراتلىقنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالدى. تېخنىكا جەھەتتىكى غەلىبە ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇش بەدىلىگە قولغا كەلگەندەك تۇرىدۇ. ئىنسانلار تەبىئەتنى قانچە كونترول قىلغانسېرى شەخسلەر شۇنچە باشقىلارنىڭ قۇلىغا ياكى ئۆزىنىڭ رەزىل قىلمىشىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ھەتتا ئىلىم-پەننىڭ پاك نۇرلىرىمۇ گويا نادانلىقنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىدىلا چاقناۋاتىدۇ." («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە يېڭى نەشرى، 1-توم، 775-بەت) ئۇلار ھەتتا مۇنداقمۇ دېگەنىدى: ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتى "يات دىنىدىكى قورقۇنچلۇق جىن-شەيتانلاردەك، ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ باش سۆڭىكىنى قەدەھ قىلغاندىلا، ئاندىن شېرىن مەينى ئىچەلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى" («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە يېڭى نەشرى، 1-توم، 773-بەت). بۇنداق تارىخىي ھادىسىلەرنى "نادانلىق"نىڭ تارىخىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن. لېكىن كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ماركسىزمنىڭ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ئەزەلدىنلا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئۇسۇل بولۇپ، نۇقتىئىنەزەرنى چىقىش قىلىپ رېئاللىقنى تاللاپ كېسىۋېلىشقا، تارىخ بىلەن رېئاللىقنى ۋاقىتتىن ئايرىلغان ھالدا سېلىشتۇرۇشقا قارشى تۇرىدۇ. ھەرقانداق مەسىلىنى مۇئەييەن تارىخىي

ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىگە قويۇپ تەكشۈرۈش كېرەك، مەلۇم بىر خىل تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن مەسىلىلەر يەنە بىر خىل تارىخىي شارائىتتا يوقىلىشى مۇمكىن. ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەسىلىلەرمۇ ئوخشىمىغان تارىخىي شارائىتتا ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا ھەل قىلىنىشى، ئوخشىمىغان نەتىجىگە ئېرىشىشى مۇمكىن، كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىش دېگەن ئەنە شۇ، بۇ—تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ جېنى ۋە تۈپ پرىنسىپى. بىز مۇشۇنداق مەيدان ۋە نۇقتىئىنەزەرنى چىقىش قىلغان ھالدا شۇنداق دەپ ھېسابلايمىزكى، مەسىلە ماركسىزم كلاسسىكلىرى ئېچىپ بەرگەن تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولغان-بولمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتا ئەمەس، بەلكى بۇنداق تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدا تەكرارلىنىش-تەكرارلانماسلىقىدا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىمۇ كاپىتالىزم جەمئىيىتى بېشىدىن كەچۈرگەنگە ئوخشاش، ”ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇش“نى تۆلىمەي بولمايدىغان بەدەل قىلىش-قىلماسلىقىدا.

بازار ئىگىلىكى بىلەن شوغۇللىنىدىغانلا بولساق، ئورتاق پرىنسىپ، ئورتاق قانۇنىيەتكە دۇچ كېلىمىز، شۇڭا ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. لېكىن بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزم شارائىتىدا ۋە سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە، مانا بۇ ئېخىمۇ ماھىيەتلىك ۋە ئېخىمۇ مۇھىم نەرسە. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى ئىگىلىك يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەمگەكچى خەلق دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا خوجايىن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ بىلەن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان ئەخلاقسىزلىققا دائىر رەزىل ھادىسىلەردىن ئىقتىسادىي تۈزۈم جەھەتتىن ساقلىنىشقا ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلىتىمىز پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت بولۇپ، ماركسىزم نەزەرىيە ئاساسىمىزدۇر، شۇڭا بىز ھاكىمىيەت كۈچىگە، ئىلمىي ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىگە ئىگە، بۇ بىزنىڭ كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان، ئەخلاقسىزلىققا ياتىدىغان رەزىل ھادىسىلەرنى تەنقىد قىلىش ۋە توسۇشىمىزنى سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز بىر تەرەپتىن بازار ئىگىلىكىدە ئەكس تەسىر مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك ۋە باشقا پاسسىپلىق-چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بارلىقىنى سەگەكلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن ”ئىككى قولدا تۇتۇش“، ”ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش“ فاڭجېنىدا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بولغان پاسسىپلىق-چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى ئازايتىپ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرىمىز.

مانا بۇلار كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان. بىز مانا مۇشۇنداق ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك تارىخىي شارائىتقا ئاساسەن شۇنداق دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىزكى، كاپىتالىزم شارائىتىدا يۈز بەرگەن "ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇش"تەك تارىخىي پاجىئە سوتسىيالىزم شارائىتىدا ھەرگىز تەكرارلانمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ "تەكرارلىنىشى"غا يول قويۇلمايدۇ، بىز ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مول نەتىجىگە ئېرىشىپلا قالماي، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىمۇ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

ئاخىرىدا تەكىتلەيدىغىنىمىز شۇكى، مەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇربان قىلىپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئېرىشىدىغان بولساق، جەزمەن قوشلاپ ئېغىر بەدەل تۆلەيمىز: بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتىكى بەزى پاسسىپ-لىق-چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى تۈگىتەلمەي قالىمىز، ئۇ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ، ھەتتا تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداق پاسسىپلىق-چىرىكلىك ھادىسىلىرى يەنە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىدۇ ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. شۇڭا جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق-كەيپىياتى، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى زىيانغا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى بازار ئىگىلىكىمۇ، ھەتتا پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ ئوخشاشلا بۇزغۇنچىلىققا ۋە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. بۇ نەزەرىيىۋى يەكۈن بولماستىن، بەلكى ئەمەلىيەتنىڭ جاۋابى. شۇ سەۋەبتىن، شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقىلا بولىدۇكى، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ ئېلىپ بېرىش، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش كېرەك، بىرسىنى تۇتۇپ، يەنە بىرسىنى تاشلاپ قويۇشقا، بىرسىگە ئېتىبار بېرىپ، يەنە بىرسىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ياقۇپ مۇھەممەترۇزى
مۇھەممەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

www.uyghurkitap.com

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5－V 刊号：ISSN1006－5857 / CN11－2498/D

邮发代号:2－373 定价:1.80元 邮政编码 100013

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 06>